# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

**(1)**

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

## (1)

جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار
تەتقىقات ھەيئىتى

(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى
تارىخ ماتېرىياللار ھەيئىتى تۈزگەن
شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ پاراۋانلىق باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋاق
1983 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11124·6
سانى: 1—10300
باھاسى: 21 پۇڭ

## مۇندەرىجە


ھەممەيلەن تارىخي ماتېرىياللارنى خىزمىتىگە ئەھمىيەت
بېرەيلى ........................ چىڭ جەن (1)
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ
قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيەتلىرى ........ (بەي يۇشەن رەتلىگەن) (6)
شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق كادىرلار كۇرسىدىكى ئىلمىي
ساياھەت قىلىش ئۆمىكى .............ساۋگۇاڭفا. لى رۇجىن (34)
3 ئەۋلات "شىنجاڭ پادىشاسى"نىڭ قىسقىچە تارىخي...
مەزكور ژورنالنىڭ ماتېرىيال بولۇمى ................ (53)
21 - فېۋرال نامايىشى ۋە 25 - فېۋرال
ۋەقەسى ........................... تۇرسۇن بۇرھانى (69)
رەتلىگۈچى: مۇھەممەت خوجە
سۇنەي مەن بىلەن 60 يىل بىللە بولدى......
ئېتىپ بەرگۈچى: ئابدىگۈل
رەتلىگۈچى: لى فۇ (90)

# ھەممەيلەن تارىخي ماتېرىياللار خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرەيلى

سىياسى كېڭەش ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتىنىڭ رەئىسى

چىڭ جەن

سىياسى كېڭەش ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى تۈزگەن «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر قايسى تارماقلار ۋە ھەر مىللەت تارىخي ماتېرىيال خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ئارقىسىدا 1 - توپلىمى نەشىردىن چىقتى. بۇ كىشىنى ئىنتايىن خوشال قىلىدۇ.

خەلق سىياسى كېڭەش تۈزگەن تارىخى ماتېرىياللارنى جۇزۇڭلى ھايات ۋاقتىدا ئاكتىپ تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، 1959 - يىلى سىياسى كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا جۇزۇڭلى يىغىنغا قاتناشقان 60 ياشتىن يۇقىرى ئەزالارغا: ۋۇشوي يىلىدىن پۈتۈن جۇڭگو ئازات بولغان ئارىلىقتىكى ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى خاتىرىلەپ ئېلىپ كېيىنكىلەرگە كونا يىلتىزنى بىلدۈرۈپ، تارىخنى تەتقىق قىلىشتا

ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى خىزمەت پىلانىغا رەسمى كىرگۈز-
گەن ئىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنىڭ
دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۈرۈمچى-شىنجاڭنىڭ مەركىزى، چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن تارتىپ شىنجاڭ تىچ ئازات
بولغانغا قەدەر بۇ ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا، كۆپلىگەن ئەگرى-
توقايلىق ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلەر سادىر بولغان. تارىخى ماتېرى-
ياللارغا بىرقەدەر باي بولۇپ، بۇ بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىيال-
لارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىمىزگە پايدىلىق شەرت-شارائىت
يارىتىپ بېرىدۇ. ئۈرۈمچى-كۆپ مىللەت توپلۇشۇپ ئولتۇراق-
لاشقان شەھەر، ھەر مىللەت خەلقى بۇ شەھەرنىڭ ئىقتىسات
ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۇلۇق تۆھپىلەرنى قوشقان،
بولۇپمۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە
قارشى كۈرەشنىڭ ھايات-ماماتلىق ئېغىر كۈنلىرىدە بىللە بولۇش-
تەك ئىتىپاقلىق روھى،تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمىنى تېخىمۇ ياخ-
شى بېرىنچى قوللۇق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇندىن
كېيىن «ئۈرۈمچى تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى» نى خەنزۇچە
يېزىقتا نەشر قىلىپلا قالماي، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىمۇ
نەشر قىلىشىمىز لازىم.

بۇندىن باشقا 1933 - يىلدىن كېيىن بولۇپمۇ ياپونغا قار-
شى ئۇرۇش مەزگىلىدە زور تۈركۈم كوممۇنىستلار ئۈرۈمچىگە
كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەن ھەم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ
ئىدىيىسىنى تارقاتقان، پارتىيىنىڭ ياپونغا قارشى مىللى بىر-

پايدىلىنىش ماتېرىيال سۈپىتىدە تەمىنلەشنى چاقىرىق قىلغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك بۇ تەكلىۋى پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى پېشقەدەم يولداشلار بىلەن ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

تارىخ ئىسپاتلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى-سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ 1980-يىلى ئېچىلغان 3-قېتىملىق مەملىكەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار خىزمەت يىغىنىدا «تارىخىي ماتېرىياللار-خەلق «سىياسىي كېڭىشىنىڭ خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى-بىرلىك سەپ خىزمىتىدىكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى. يېقىندا ئېچىلغان سىياسىي كېڭەش 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 4-يىغىنىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا: «تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ تەتقىق ۋە نەشر قىلىش خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك» دەپ كورسەتكەن. شۇڭلاشقا بۇندىن كېيىن بۇ خىزمەتنى داۋاملىق تۇردە سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزۈشىمىز لازىم.

سىياسىي كېڭەش ئۇرۇمچى شەھەرلىك كومىتېتى بىر قەدەر بالدۇر قۇرۇلغان، لېكىن ئوبيېكتىپ شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى قانات يايدۇرۇلمىغان. 1981-يىلى 9-ئايدا ئېچىلغان 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1-يىغىنىدا تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى قۇرۇشنى قارار قىلغان ھەم تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش

پىششىق بىلىدىغان پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى پېشقەدەم يول-
داشلار، يەرلىك مويسىپىتلار، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ
كۆپ سانلىقى ياشانغانلار بولۇپ، ئەگەر تېزدىن «قۇت-
قۇزۇۋېلىش» نى ئېلىپ بارمىساق كېيىن ئورنىنى تولدۇرالمايدى-
غان زىيانغا ئۇچرايمىز.

1 - سان «ئۈرۈمچى تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ نەشىردىن چىقىشىغا پەقەتلا 3 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىندى. بۇ تارىخى ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتىدىكى يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ۋە ماقالە يازىدىغانلارنىڭ ئاكتىپ ئىشلىشىدىن بولدى. يولداشلارنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، تارىخى ماتېرىيال خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«كىم ئېيتىدۇ: ياشانغان لىيەنپوكىچىتىن قالدى دەپ؟» بۇ ئاتاغلىق شائىر شىڭ جاۋەننىڭ «يۇڭيۈلۇ» بەزمىسىنىڭ جۈملىسى بولۇپ، شۇ روھ ئارقىلىق يولداشلار بىلەن ئورتاق تىرىشىشنى خالايمەن.

ئابدۇرۇسۇل ھاشىم تەرجىمىسى

لىكسەپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلغان ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى قوزغاپ ـ تەشكىللەپ ياپونىيا قارشى ئۇرۇشقا يادرەم بېرىش ئارقا سېپىنى بەرپا قىلغان. شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ خەلق ئاممىسى ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخىي ماتېرىياللىرىمىزنىڭ پارلاق ماقاللىرى بولالايدۇ. تارىخ بىر ئەينەك، تارىخنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۆتكەننىڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنى يېتەكلەش بولۇپمۇ يېڭى ئەۋلاتلىرىمىزنى كونا يىللىرىنى بىلدۈرۈپ، ھازىرقىغا سېلىشتۇرۇپ، كەلگۈسىگە نەزەر سالدۇرغان قىلىپ تەربىيەلەش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، كوممۇنىزىم ئىشلىرىغا ئىنتىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغۇتۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي ماتېرىيال يازىدىغانلار «4 خۇسۇسىيەت»نى ئورۇنداش كېرەك. 1 - راستچىللىق بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئارقىلىق تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئىنكاس قىلىش؛ 2 ـ ئىلمىلىك بىلەن مەيلىقايسى تەرەپتىكى ماتېرىيال بولسۇن ھەممىسىگە تارىخىي ماتېرىيالىستىك ۋە دىئالېكتىكا ماتېرىيالىستىك نۇقتىدىن قاراش؛ 3 - تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق مول بىلىملەر بىلەن تەمىنلەش؛ 4 - ماقالىنىڭ سۆزلىرى راۋان ئاممىا ئاسان چۈشىنىدىغان ئىبارىلەرنى قوللىنىپ، كىشىلەرنى جەلىپ قىلالايدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم.

نۆۋەتتە ماقالە توپلاش بىلەن تارىخىي ماتېرىياللارنى «قۇتقۇزۇۋېلىش» مۇھىم ۋەزىپە، چۈنكى تارىخىي ماتېرىياللارنى

باش ئۇيۇشمىسى ئۇلكىنىڭ مەركىزى ئۇرۇمچىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇرۇمچىنىڭ تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇن ئالغان. تۆۋەندە بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە سوزلەپ ئوتىمەن.

## 1- جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى تارىخىي ئارقا كورۇنۇش

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۇنى ئۇلكىنىڭ مەركىزي (دىخۇا) ئۇرۇمچىدە سىياسى ئوزگىرىش يۇز بەردى. بۇ قېتىمقى سىياسى ئوزگىرىشنى قوزغىغان ئاساسلىق كىشىلەر چىن جۇڭ، لى شياۋتىيەن، تاۋمىڭيۇن قاتارلىقلار ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى «جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئوتكەن ئارمىيە» ۋە قىسمەن ئولكە ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭغا چىكىنىپ كەلگەن دۇڭبېي(شەرقىي شىمال)ياپونغا قارشى ئارمىيىدىن پايدىلىنىپ ھەمدە ئۇلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. جىن شۇرېن ھوقۇقىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ ۋە نەنجىڭگە بېرىپ گومىنداڭ مەركىزي ھوكۇمىتىگە شىنجاڭ «قىزىللىشىپ كەتتى.» دەپ ئەرز قىلىدۇ. جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن شېڭشىسەي ھەدەپ ھىلە-مىكىر ئىشلىتىپ، تەرەپ-تەرەپكە خوشامەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىياسى ھوقۇقىنى قولغا كىرگۇزۇۋالىدۇ. شېڭشىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش

ئۇزگىرىش مەۋسىنى شىڭشىسەي تارتىۋالغانلىقىغا كوڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان خۇاڭمۇسۇڭ پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ سۇيىقەست ئىشلىتىپ ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ 2 - قېتىملىق سىياسى ئۇزگىرىش قىلىشقا كۇشكۇرتىدۇ. ئۇچىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئايلىنىپ شىنجاڭغا كەلگەن 30 مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي - شىمال ياپۇنغا قارشى ئارمىيىسى ئۇز ئىختىيارى بىلەن شىنجاڭدا قېپ قالغان بۇ بىر تۇركۇم ئادەملەرنىڭ تەركىۋى مۇرەككەپ بولۇپ، شىڭ-شىسەينىڭ ئۇلارنى كونترول قىلىشى تەس ئىدى. تۇتىنچىدىن، خەلقارا جاھانگىرلارنىڭمۇ خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭغا كوزى چۇ-شۇپ يۇرگەچكە، ئۇلار شىڭشىسەينى «سوۋېتكە يېقىنلاشتى»، «گومىنداڭ بىلەن بىرلەشتى» دەپ جار سېلىپ ھەدەپ مىللى مۇناسىۋەتكە بولگۇنچىلىك سېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارى-سىدىكى فېودال كاتتىۋاشلارنى ئۇزىگە تارتىپ مىللى بولگۇن-چىلىك ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

شىڭشىسەي بۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇ-رۇش ئۇچۇن ئالدى بىلەن كۇچىنى مەركەزلەشتۇرۇپ زىمچۇەن-زىدىكى ئۇرۇشتا ئۇرۇمچىگە بېسىپ كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭ قىسمىنى تار-مار قىلىپ، ئارقىدىنلا جايۇەن قوزغىغان ئىلى رايونىدىكى قورالىق توپىلاڭنى باستۇرىدۇ. مانا بۇ ئىككى قېتىملىق ھەربى غالىبىيەت ھەيۋىسىدىن پايدىلىنىپ 1933-يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۇنى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ چىن جوڭ، لى شياۋتيەن، تاۋمىڭيۇيلارغا ئولۇم جازاسى بېرىپ،

ئۈچۈن ئۆزىنى ئىلغار قىياپەت بىلەن نىقاپلاپ، بىر قولىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى پارتىيە ئورگىنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، يەنە بىر قولىدا: «سو- ۋېتقا يېقىنلىشىش» دېگەن ۋەزىپىنى كۆتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇ، يەنە «مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى يولغا قويۇش» ،«دېموكراتىيە ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش» دېگەننى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «8 چوڭ خىتاپنامە» نى ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. گەرچە شىڭشىسەي پۈتۈن زېھنى-پاراستىنى ئىشلىتىپ يۇقۇرقى چارە - تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆ- كۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. بىرىنچىدىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى يېڭى ھاكىمىيەتكە قوشۇلۇش ئىپادىسىنى بىلدۈرمەيلا قالماي، بەلكى خۇاڭ مۇسۇڭنى ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماجۇڭيىڭ باشچىلىقىدىكى 36 - دېۋىزىيىگە قايتىدىن شىنجاڭغا كىرىشكە بۇيرۇق بېرىپ «ئىككى باشنى سوقاشقا سېلىپ قويۇپ» ئارىدىن تەييار پايدىنى ئالماقچى بولدى. ئىككىنچىدىن، چىن جۇڭ،لى شياۋتىيەن، تاۋمىڭيۇيلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسى

تۇركىستان جۇمهۇرىيىتى» مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. 9 ـ ئايدا ئۇنىڭ كاتىپلىرىنى خوجانىيازنى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەيدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ يەرلىك گارنىزوننىڭ كاتىپلىرى مامۇتنى 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭى قىلىپ، قەشقەردە تۇرغۇزىدۇ. ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ دېخانچىلىق، كانچىلىق نازارىتى دېگەن ئورگاننى كۆپەيتىپ قۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۈيۈۋىنىڭ (ئۇيغۇر، ئەسلى ئىسمى يۇنۇس بەگ) نى نازىر قىلىپ تەيىنلەيدۇ. مەخسۇتنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەيدۇ. نىيازنى ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى، ئاق موللىنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. تۇرغۇن كونا ئايماقنىڭ باشلىقى مانجۇ كېچاپنى ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەيدۇ. قازاق زىيالىلىرىدىن بايەن موللىنى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، شەرىپقاننى ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ ئەزالىقىغا ۋە ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. شۇ ۋاقىتتىمۇ شىنجاڭدا تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان يەرلىك دېموكراتىك زات بۇرھاننى يەرلىك ماللار شىركىتى (تۇسەنگۇڭسى) نىڭ جىڭلىلىقىغا تەيىنلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەيپىياتىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرىدۇ. شىڭشىسەي دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئۆز ھوكۇمرانلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دولەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ

ئەنجىن ھوكۇمىتى «ھال سوراش ئەلچىسى» دەپ سۇيقەستچىلىك ھەركەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خۇاڭمۇسۇڭنى قىستاپ، تېز رەك شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇرلايدۇ. يەنە 1933 - يىلى 10 - ئايدا شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ باش-لىقلىرىدىن جىن رۇڭچىن، يىڭجەنبياۋ، سۇگۇ ياۋياۋجۇن قا-تارلىقلارغا ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى تازىلاشتا «دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈردى» دىگەن بەتنامنى چاپلاپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي - شىمال ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى ئۆلكە ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىپ تەش-كىللەپ، شىڭشىسەيىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشىغا ئۆتكۈ-زۈپ بېرىدۇ. 1934- يىلى ئۇ، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقاندا تەش-كىللىگەن «ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان تەيۋەنلىك ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى» دىكى ساۋاقداشلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. 1934 - يىلى 6 - ئايلاردا خى-يۇجۇ، (خىچۇگۇاڭ) لاڭداۋخىڭ، ۋاڭلىشى (ۋاڭنەيچۇڭ) شۇلىيەن، (شۇدابۇ)، چىڭچىڭ (چىڭرۇڭبەي)، سۇڭنەنىسى كاڭبىڭلىڭ (كاڭمىڭيۈەن)، ۋاڭيەنلىڭ، گوشاياڭ، سۇيگۇجىڭ قاتارلىق 10 كىشى (ئەينى ۋاقىتتا ئاتالمىش 10 چوڭ دوكتۇر دەيتتى) ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. شىڭشىسەي ئۇلارنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ ۋە مۇھىم خىزمەت-لەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1934- يىلى 6 - ئايدا ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاپ، 7 - ئايدا جاھانگىرلار رىژىسسورلۇق قىلغان قەشقەر «شەرقىي

ئامىمىنى يېتەكلەپ شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى قىلىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ مۇستەقىللىكە قىلىشقا قەست قىلغان جاھانگىرلارغا قارشى تۇردى». ئۇنىڭدا يەنە: «ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر سىياسى ۋەزىپىلىرى» (يەنە «8 چوڭ خىتاپنامە») نى نىزامنامىنىڭ 3 ـ ماددىسىغا كىرگۈزگەن: «بۇ ئويۇشما جۇڭگونىڭ دولەت ئەھۋالى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تەشەببۇسلارد بولىدۇ: (1) شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقلارنى تۈگىتىش؛ (2) مەركەزنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئۆلكىنىڭ مەمۇرى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆلكە ۋە ناھىيەلەرنىڭ يەرلىك مۇختارىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (3) قانۇنسىز زومىگەر ئۇنسۇرلارنى خىيانەتچى، ئەمەلدارلارنى، تۇخاۋـلېشىنلارنى يوقۇتۇش؛ (4) قانۇننى ئىسلاھ قىلىش يەنە قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ مۇستەقىل تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىش، ئەدلىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش؛ (5) خەلقنىڭ سىياسى بىلىمىنى ئۆستۈرۈش، سوداـ سانائەتنى رىۋاجلاندۇرۇش، يەرلىك سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇش، قاتناشـ ترانسپورت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، كان سانائىتىنى ئېچىش، مالىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش؛ (6) ھەربى ۋە خەلقنى ئايرىپ ئىدارە قىلىش، ھەربى قىسىملارنى ياخشىلاش، جەڭگىۋار كۈچىنى كۈچەيتىش. ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىنى ئۈستۈرۈش؛ (7) ھەر مىللەت

تەيىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى بولۇم، ئىشخانىلار-
غىمۇ شىڭشىسەي ئۆزىگە ئىشەنچلىك ئادەملەرنى قويدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن
كېيىن «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق،قۇرۇلۇش دەك
ئاتالمىش «3 چوڭ سىياسەت» نى ئىسلاھ قىلىشنى كۆچەپ تەشۋىق
قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شىڭشىسەي بۇ تەشۋىقاتلاردىن پايدىلىنىپ
ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى ۋە ئۆزىنى
«ئۇلۇغ داھى» دەپ ئاتىۋالدى.

## 3 — ئۇيۇشمىنىڭ ئىككى قېتىم ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇشى

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ
جىددىي ئۆزگۈرۈشىگە ئەگىشىپ، سىياسىي دەللال شىڭشىسەي
دەرھال «سول» قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، سىياسىي سەھنىدە يەنە
ئويۇن ئويناشقا باشلىدى. 1935 - يىلى 5 - ئايدا شىڭ
شىسەي كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ۋاڭ شۇچېڭ (يۇشۇسۇڭ)، ۋەن
شەنشىڭ (جاڭ يىفەن)، ۋاڭ باۋچەن (جاۋشى) قاتارلىق 25
نەپەر كىشىنى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە تەكلىپ قى-
لىدۇ، ھەمدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى قايتا
ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە كىرىشىپ، خې يويجۇ قاتارلىقلارنى
ئىجرائىيە ۋىيۇەنچاڭلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ يوت-
كەۋېتىدۇ. باشقا ھەر قايسى بولۇملەرنىڭمۇ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى
باشقىدىن تەڭشەپ، ۋاڭ شۇچېڭنى باش كاتىپلىققا، جاۋزىشىڭنى
مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا، ليۇجەنچىڭنى تەشكىلات بولۇمىنىڭ

ياشلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بەس - بەس بىلەن ئۈيۈشمىغا ئەزا بولۇشقا باشلايدۇ. ئىلغار قىياپەتكە كىرىۋالغان شىڭ شىسەي بۇ ئەھۋالدىن ئەنسىرەپ خاتىرجەم بولالمىدى. ئاخىرى قاندافتۇر «شىنجاڭ فېوداللىق خىسلىتى ئىنتايىن قويۇق جەمئىيەت» دىگەننى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، جاھانگىرلىككە قارشى تورۇش ئۈيۈشمىسىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىمەكچى بولىدۇ. بەزىبىر خەلقارا ئارقا تىرىگى بار يەرلىك ئەكسىيەتچى ئۈنسۇرلارمۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ، پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. 1937 - يىلى قۇمۇل گارنىزۇن سىلىگى يولۋاس قىزىل ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يول زوڭدۇسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، قەشقەر دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى مامۇت، خوتەن دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى ماخۇسەن (ئەسلىدە ماجوڭيىڭنىڭ قىسمى) لەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، توپىلاڭ چىقىرىپ، مامۇت، ماخۇسەن قوشۇنى كۇچارغا ھوجۇم قىلىپ كەلگەنىدە يولۋاسمۇ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ پىچاننى بېسىۋالىدۇ، شىڭ شىسەي ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىپ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سوراپ، توپىلاڭنى باستۇرىدۇ. شىڭ شىسەي بۇ خىل قىيىن مۇھاسىرىدىن قوتۇلۇپلا يەنە ئاتالمىش «خەلقارا خاراكتىرلىق سويىقەسىت قوزغىلاڭ ئەنزىسى» دىگەننى كوتۈرۈپ چىقىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۈرۈش ئۈيۈشمىسىنىڭ باش كاتىۋى ۋاڭ شۈچىڭنى قولغا ئېلىپ تۈرمىغا سالىدۇ، شۇ ۋاقىتتا، غەربىي يول زۇڭدۇي شىڭ شىڭشادىن ئوتۇپ، دىخۋا (ئۈرۈمچى) گە يېتىپ كېلىدۇ.

رىسىدا كەڭ تارقالغان. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇش-
مىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپاراتلىرى ئىنتايىن كېڭەيگەن ئىدى. شۇ
ۋاقىتتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا پەقەتلا ئۇرۇمچىدىكى ئىدارە،
جەمئىيەت، مەكتەپ، زاۋۇت - كارخانىلاردىلا بىۋاستە قاراش-
لىق 8 شوبە ئۇيۇشما، رايونلۇق 27 ئۇيۇشما بار ئىدى،
رايون قارىمىقىدىكى شوبە ئۇيۇشمىدىن 310 دىن ئارتۇق
(ئۇرۇمچى ناھىيىلىك ئىدارىلار بۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، ئۇيۇشما
ئەزالىرى 12 مىڭ 300 دىن ئارتۇق ئىدى.

قارا نىيەت ھىلىگەر شىڭ شىسەي خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى
كونترول قىلالماي قېلىشىدىن قورقۇپ يەنە بىر قېتىم «سىرتـ-
ماقنى چىڭىتىش ھىيلىسىنى» قوللىنىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۇيۇشمىسىغا ھە دەپ بېسىم ئىشلىتىپ توسقۇنلۇق قىلىشقا باش-
لىدى. 1939 - يىلى 5 - ئايدا يولداش خۇاڭ مىڭفۇنى
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدىن يوتكەپ ۋاڭ
باۋچەننى قايتا ئەكىلىپ باش كاتىپلىققا قويدى.

1942 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزىمغا قارشى ئۇ-
رۇشنىڭ جاپالىق پەيتىدە تۇرغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
يەنە بىر قېتىم گوڭچەنداڭغا قارشى تەتۇر قويۇن چىقارغان،
پارتىيىمىز قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ياپونغا قارشى كۈرەش
ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەك-
سىيەتچى ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئاتالمىش «12-
ئاپرېل سۇي قەست ئەنزىسى» دىگەننى توقۇپ چىقىپ شىن-
جاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىمۇ كەينى -
كەينىدىن كادىرلارنى شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ئې-
ۋەتتى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كا-
تىپلىق ۋەزىپىسىنى ۋاڭ باۋچەن ئۆتكۈزۈۋالدى. خەنگۋاڭ تەش-
ۋىقات بولۇمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1938 - يىلى
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش
خۇاڭ مىڭمۇ (خۇاڭ خوچىڭ) غا «يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى»نى
باشلاپ، يەرلىككە بېرىپ خىزمەت ئىشلەشكە بۇيرۇق بەردى.
شىڭ شىسەي ئۇنى دەرھال جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇ-
يۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەيدۇ. جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. بۇ-
رۇنقى 8 بولۇمنى ئۆزگەرتىپ؛ تەشكىلات، تەشۋىقات، ئالاقە
باغلاش، خەلق ئىشلار بولۇمىدىن ئىبارەت 4 بولۇمگە بىرلەش-
تۈرۈپ، كومپارتىيە ئەزاسى دەن جىڭچىنى تەشكىلات بولۇمىگە،
مىڭ يىچۇ (شۇ مىڭچو) نى تەشۋىقات بولۇمىگە خەنگۋاڭنى ئالاقە
باغلاش بولۇمىگە مەسئۇل قىلىدۇ، بۇرۇنقى باش كاتىپ ۋاڭ
باۋچەننى خەلق ئىشلىرى بولۇمىگە يۆتكەيدۇ. جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى 2 - قېتىم ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان-
دىن كېيىن تۈرلۈك پائالىيەتلەر چاقماق تېزلىكىدە قانات-
يايدۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سى-
ياسىتى خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان
بولۇپ. ماركسىزىم - لېنىنىزىم كىتاپ ژۇرناللىرى ۋە ماۋزېدۇڭ
ئەسەرلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئا-

رىسىدا كەڭ تارقالغان. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشـ
مىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپاراتلىرى ئىنتايىن كېڭەيگەن ئىدى. شۇ
ۋاقىتتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا پەقەتلا ئۇرۇمچىدىكى ئىدارە،
جەمىيەت، مەكتەپ، زاۋۇت ـ كارخانىلاردىلا بىۋاستە قاراشـ
لىق 8 شوبە ئۇيۇشما، رايونلۇق 27 ئۇيۇشـما بار ئىدى،
رايون قارمىغىـدىكى شوبە ئۇيۇشـمىدىن 310 دىن ئارتۇق
(ئۇرۇمچى ناھىيىلىك ئىدارىلار بۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، ئۇيۇشما
ئەزالىرى 12 مىڭ 300 دىن ئارتۇق ئىدى.

قارا نىيەت ھىلىگەر شىڭ شىەي خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى
كونترول قىلالماي قېلىشىدىن قورقۇپ يەنە بىر قېتىم «سىرتـ
ماقنى چىگىتىش ھىلىسىنى»قوللىنىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۇيۇشمىسىغا ھە دەپ بېسىم ئىشلىتىپ توسقۇنلۇق قىلىشقا باشـ
لىدى. 1939 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يولـداش خۇاڭ مىڭفۇنى
جاھانگىرلىكـكە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشـمىسىدىن يوتـكەپ ۋاڭ
باۋچەننى قايتا ئەكىلىپ باش كاتىپلىققا قويدى.

1942 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزىمغا قارشى ئۇـ
رۇشنىڭ جاپالىق پەيتىدە تۇرغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
يەنە بىر قېتىم گوۋچەنداڭغا قارشى تەتۇر قويۇن چىقارغان،
پارتىيىمىز قەتئىي داۋاملاشتۇرىۋاتقان ياپونغا قارشى كۈرەش
ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا، شىڭ شىەي ئۆزىنىڭ ئەكـ
سىيەتچى ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئاتالمىش « 12 ـ
ئاپرېل سۇي قەست ئەنزىسى» دىگەننى توقۇپ چىقىپ شىنـ
جاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى

تەيىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى بولۇم، ئىشخانىلار-غىمۇ شىڭ شىسەي ئۆزىگە ئىشەنچلىك ئادەملەرنى قويدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق، قۇرۇلۇش دەك ئاتالمىش «3 چوڭ سىياسەت» نى ئىسلاھ قىلىشنى كۆچەپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شىڭشىسەي بۇ تەشۋىقاتلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى ۋە ئۆزىنى «ئۇلۇغ داھى» دەپ ئاتىۋالدى.

### 3 — ئۇيۇشمىنىڭ ئىككى قېتىم ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇشى

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ جىددى ئۆزگۈرۈشىگە ئەگىشىپ، سىياسى دەللال شىڭ شىسەي دەرھال «سول» قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، سىياسى سەھنىدە يەنە ئويۇن ئويناشقا باشلىدى. 1935 - يىلى 5 - ئايدا شىڭ شىسەي كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ۋاڭ شۇچىڭ (يۈشۇسۇڭ)، ۋەن شەنشىڭ (جاڭ يىفەن)، ۋاڭ باۋچەن (جاۋشى) قاتارلىق 25 نەپەر كىشىنى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە تەكلىپ قى-لىدۇ، ھەمدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى قايتا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە كىرىشىپ، خې يويىجۇ قاتارلىقلارنى ئىجرائىيە ۋېيۈەنجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ يوت-كىۋېتىدۇ. باشقا ھەر قايسى بولۇملەرنىڭمۇ تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى باشقىدىن تەڭشەپ، ۋاڭ شۇچىڭنى باش كاتىپلىققا، جاۋزىشىنى موئاۋىن باش كاتىپلىققا، ليۇجەنچىڭنى تەشكىلات بولۇمىنىڭ

ياشلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بەس - بەس بىلەن ئويۇشمىغا ئەزا بولۇشقا باشلايدۇ. ئىلـ غار قىياپەتكە كىرىۋالغان شىڭ شىسەي بۇ ئەھۋالدىن ئەنسىرەپ خاتىرجەم بولالمىدى. ئاخىرى قانداقتۇر «شىنجاڭ فېئوداللىق خىسلىتى ئىنتايىن قويۇق جەمئىيەت» دېگەننى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئويۇشمىسىنىڭ پائالىيە- تىنى چەكلىمەكچى بولىدۇ. بەزىبىر خەلقارا ئارقا تىرىگى بار يەرلىك ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارمۇ ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق ئوت- تۇرىغا چىقىپ، پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. 1937 - يىلى قۇمۇل گارنىزۇن سىلىكى يولۋاس قىزىل ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يول زوڭدۇسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، قەشقەر دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى دامۇت، خوتەن دىۋىزىيىسىنىڭ قو-ماندانى ماخۇسەن (ئەسلىدە ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمى) لەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، توپىلاڭ چىقىرىپ، مامۇت، ماخۇسەن قوشۇنى كۇچارغا ھوجۇم قىلىپ كەلگەندە يولۋاسمۇ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ پىچاننى بېسىۋالىدۇ، شىڭ شىسەي ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىپ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سوراپ، توپىلاڭنى باستۇرىدۇ. شىڭ شىسەي بۇ خىل قىيىن مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپلا يەنە ئاتالمىش «خەلقارا خاراكتېرلىق سۇيىقەست قوزغىلاڭ ئەنزىسى» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئويۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى ۋاڭ شۇچىڭنى قولغا ئېلىپ تۇرمىغا سالىدۇ، شۇ ۋاقىتتا، غەربىي يول زوڭدۇيى شىڭ شىڭشادىن ئۆتۈپ، دىخۇا (ئۈرۈمچى) گە يېتىپ كېلىدۇ.

باشلىقلىقىغا ۋەنشەنتىڭنى تەشۋىقات بولۇمىنىڭ باشلىقلىقىغا،
بورھاننى خەلق ئىشلار بولۇمىنىڭ باشلىقلىقىغا، ھەنسۇرنى مە-
دەنىيەت بولۇمىنىڭ باشلىقلىقىغا، تەيىنلەيدۇ. جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى بىرىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ تەش-
كىللەنگەندىن كېيىن، ئىلى، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق ئورۇن-
لاردىمۇ ئۇيۇشمىنىڭ رايونلۇق ياكى شۆبە ئۇيۇشمىلىرى قۇ-
رۇلدۇ، بىرىنچى شۆبە ئۇيۇشما شىنجاڭ ئوفىتسېرلەر مەكتى-
ۋىدە، ئىككىنچى شۆبە ئۇيۇشما ليوتچۇكلەر ئەترىتىدە قۇرۇ-
لىدۇ. شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىنى ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ،
قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋى، ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق دارىلمۇ-
ئەللىمىنى قاتارلىق ئورۇنلاردىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ شۆبە ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى شۆبە
ئۇيۇشمىلار ئۆز ئەزالىرىنىڭ سانىغا ئاساسەن، گۇرۇپپىلارغا
بولۇنىدۇ.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىنىڭ كوندۇلۇك خىزمەت-
لىرىگە كومپارتىيە ئەزالىرى رىياسەتچىلىك ۋە رەھبەرلىك
قىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى «3 چوڭ سىياسەت» نى تەدرىجى
تولۇقلاپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت بىلەن دوست
بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، ئىسلاھ قىلىش، پاك بولۇش،
مىللەتلەر باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت «6 چوڭ سىياسەت» نى
يولغا قويۇپ، نىزامنامىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدۇ. بۇنىڭ بى-
لەن ئۇيۇشمىنىڭ سىياسى خاراكتېرى تېخىمۇ ئېنىق بولۇپ،
خىزمەتلىرى كۈندىن - كۈنگە جانلىنىپ كېتىدۇ. ھەر مىللەت

رىسىدا كەڭ تارقالغان. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇش-
مىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپاراتلىرى ئىنتايىن كېڭەيگەن ئىدى. شۇ
ۋاقىتتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا پەقەتلا ئۈرۈمچىدىكى ئىدارە،
جەمىيەت، مەكتەپ، زاۋۇت - كارخانىلاردىلا بىۋاستە قاراش-
لىق 8 شوبە ئۇيۇشما، رايونلۇق 27 ئۇيۇشما بار ئىدى،
رايون قارمىقىدىكى شوبە ئۇيۇشمىدىن 310 دىن ئارتۇق
(ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئىدارىلار بۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، ئۇيۇشما
ئەزالىرى 12 مىڭ 300 دىن ئارتۇق ئىدى.

قارا نىيەت ھىلىگەر شىڭ شىسەي خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى
كونترول قىلالماي قېلىشىدىن قورقۇپ يەنە بىر قېتىم «سىرت-
ماقنى چىڭىتىش ھىلىسىنى» قوللىنىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۇيۇشمىسىغا ھە دەپ بېسىم ئىشلىتىپ توسقۇنلۇق قىلىشقا باش-
لىدى. 1939 - يىلى 5 - ئايدا يولداش خۇاڭ ملىفۇنى
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدىن يوتكەپ ۋاڭ
باۋچەننى قايتا ئەكىلىپ باش كاتىپلىققا قويدى.

1942 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزىمغا قارشى ئۇ-
رۇشنىڭ جاپالىق پەيتىدە تۇرغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
يەنە بىر قېتىم گۇڭچەنداڭغا قارشى تەتۈر قويۇن چىقارغان،
پارتىيىمىز قەتئىي داۋاملاشتۇرىۋاتقان ياپونغا قارشى كۈرەش
ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەك-
سىيەتچى ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئاتالمىش «12 -
ئاپرىل سۈي قەست ئەنزىسى» دىگەننى توقۇپ چىقىپ شىنـ-
جاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىمۇ كەينى-
كەينىدىن كادىرلارنى شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ئەۋ-
ەتتى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كا-
تىپلىق ۋەزىپىسىنى ۋاڭ باۋچەن ئۆتكۈزۈۋالدى. خەنگۋاڭ تەش-
ۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. 1938 - يىلى
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش
خۇاڭ مىڭمۇ (خۇاڭ خوچىڭ) غا «يېڭى ئەسكەرلەر باتاليونى»نى
باشلاپ، يەرلىككە بېرىپ خىزمەت ئىشلەشكە بۇيرۇق بېرىدۇ.
شىڭ شىسەي ئۇنى دەرھال جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇ-
يۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەيدۇ. جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ قۇرۇلىدۇ. بۇ-
رۇنقى 8 بۆلۈمنى ئۆزگەرتىپ؛ تەشكىلات، تەشۋىقات، ئالاقە
باغلاش، خەلق ئىشلار بۆلۈمىدىن ئىبارەت 4 بۆلۈمگە بىرلەش-
تۈرۈپ، كومپارتىيە ئەزاسى دېن جىڭچىنى تەشكىلات بۆلۈمگە،
مىڭ يىجۇ (شۇ مىڭچو) نى تەشۋىقات بۆلۈمگە خەنگۋاڭنى ئالاقە
باغلاش بۆلۈمگە مەسئۇل قىلىدۇ، بۇرۇنقى باش كاتىپ ۋاڭ
باۋچەننى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمگە يۆتكەيدۇ. جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى 2 - قېتىم ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان-
دىن كېيىن تۈرلۈك پائالىيەتلەر چاقماق تېزلىكىدە قانات-
يايدۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سى-
ياسىتى خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان
بولۇپ. ماركسىزم - لېنىنىزم كىتاب ژۇرناللىرى ۋە ماۋزېدۇڭ
ئەسەرلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئا-

ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدىنى - مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى؛ بۇلار ئاساسەن:

(1) ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەلىم-تەربىيە كۇرسى ئېچىپ بۇنىڭغا شىڭ شىسەي ئۆزى پەخرى بەنجاڭ بولغان ئىدى. ھەر قېتىمقى كۇرسقا باش كاتىپ قوشۇمچە ئىلمىي مۇدىرلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ كونكرېت خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولاتتى. كۇرسقا ئوقۇغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەر قايسى رايونلۇق، شوبە ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىلىرى ئىدى. ھەر بىر قارار كۇرسقا 30 - 50 كىشى قاتنىشاتتى. ئۆگىنىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى: شىڭ شىسەي يازغان «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرى»، «6 چوڭ سىياسەتتىن دەرسلىك» دېگەن كىتاپلاردىن سىرت يەنە ماركسىزىم - لېنىنىزىم ئاساسىي نەزەرىيىلىرى، مەسىلەن، دىالېكتىكا ماتېرىيالىزىم پەلسەپەسى، لېنىنىزىم مەسىلىلىرى، سىياسىي ئىقتىسات، ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياستى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. 1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى يولداش خۇاڭ مىڭفو، دائىمى ئىشلار كومىتېتىنىڭ 42 - قېتىملىق يىغىندا يۇقۇرى دەرىجىلىك جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۇرسى ئېچىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇزاكىرە ئارقىلىق يۇقۇرى دەرىجىلىك كۇرسنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭغا ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي كادىر-

دىڭگۇدەك تۇتقۇن قىلىپ تۇرمىغا تاشلىدى. ھەممىدە مىڭلىغان،
ئۇنمىڭلىغان كوممۇنىزىم ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان شىنجاڭ
ھەر مىللەت ياشلىرىنى ۋە كومپارتىيە بىلەن ئالاقىلاشقان ۋە
بىللە ئىشلىگەن ھەربى، ھوكۇمەت خادىملىرىنىڭ بىرسىنىمۇ
قويماي قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتى-
تىپاقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىن-
جاڭدىكى مۇتەخەسسىلىرىنى، خادىملىرىنى ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى
قايتۇرۇۋەتتى. بۇرۇنقى قىزىلدا تۇرۇشلۇق 8 - پولكنى قاي-
تۇرۇپ كېلىپ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى مەركىزىي كومىتېتى چېگرا
رايون ھوكۇمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزدى. ئارقىدىنلا
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشەنچىلىك قوشۇنلىرىنى، ئەنگلىيە،
ئامېرىكىنىڭ خارجى ئىشلار خادىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى
قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئويۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گومىنداڭ
شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى قۇرۇلدى.

4 - جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئويۇشمىسىنىڭ ئا-
ساسىي پائالىيەتلىرى،

شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئويۇشمىسىغا كومپارتىيە ئەزالىرى ئۇزۇن مۇددەت رەھ-
بەرلىك قىلىپ ۋە ئەستايىدىل خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن
جەمئىيەتتىكى پائالىيەتلىرى كەڭ كۆلەمدە قاناتيايغان ئىدى.
ماركسىزىم - لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش
دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە ئۆگىنىش ئىنتايىن ئەۋجىگە چىققان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقارا كىتاپخانىسى ۋە شەھەردىكى مەدەنىيەت كىتاپخانىلىرىغا كەلگەن نەزەرىيىۋى كىتاپلار كېلىشى بىلەن تەگلا، كىشىلەر يېرىم كېچىدە بېرىپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ سېتىۋالاتتى. كوپ كىشىلەر تۇرمۇشنى قىسىپ ئاددى - ساددا ئوتكۈزۈپ ئىقتىسات قىلغان پۇلىغا چۈگچىگدا نەشر قىلىنغان «شىنخۇا گېزىتى»، يەنئەندە نەشر قىلىنغان «ئازاتلىق گېزىتى»، «ئازاتلىق ژورنىلى»، «جۇڭگو مەدەنىيىتى ژورنىلى»، «8 - ئارمىيە ھەربى - سىياسى ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتېرى بولاتتى. كىتاپ ئالالمىغان ياشلار جاپاغا چىداپ ۋاقىت ئاجرىتىپ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ خەلق مائارىپ سارىيىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ، ××× يازغان سىياسى ئىقتىساتتىن لېكسىيە (جاڭ جۇڭشى تەرجىمە قىلغان) ئەيسىچى يازغان «يېڭى پەلسەپە دەرسلىگى» قاتارلىق كىتاپلارنى كوچۈرەتتى. بۇ خىل چوڭ تېپتىكى كىتاپلارنى كوچۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە ئايلاپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرى كەلسىمۇ، لېكىن ياشلار شۇ جەرياندا مەلۇم ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە ئۆگىنىپ ئالغانلىقىغا مەمنۇن بولۇپ ئىنتايىن زور بەخت ھىس قىلاتتى.

(3) مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قاناتيايدۇردى. ئەينى ۋاقىتتا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ قاناتيايدۇرۇش شەكىللىرى ناھايىتى كوپ بولۇپ ئەڭ ئومۇملاشقان شەكلى ناخشىچىلار ئەترىدىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىدى. ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام

لەرنى ئاجرىتىپ كۆرسىغا قاتناشتۇرۇش قارار قىلىندى.
دەرسلىكلەرگە «ماۋزېدۇڭنىڭ ياپۇنغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى سوز تاللانمىلىرى»، «ياشلارنى تەربىيىلەش ھەققىدە» يولداش ليوشاۋچىنىڭ «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسى ھەققىدە» دىگەن مەزمۇنلار قوشۇلدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تەلىم - تەربىيە كورسى جەمئى 5 قارار ئېچىلىپ يەرلىك خىزمەتلەر ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم نەزىرىيە تايانچىلار يېتىشتۇرۇلدى، بۇ تايانچىلار قايتىپ ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلىرىنىڭ نەزىرىيە ئۆگىنىشلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

(2) نەزىرىيە ئۆگىنىشنى تەشكىللەش، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلىرى، گۇرۇپپىلارنى ئاساس قىلىپ ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆگىنىش يىغىنى ئۇيۇشتۇراتتى. ئۆگىنىش مەزمۇنى: باش ئۇيۇشمىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلەپ بەرگەن ماقالىلارنى ئۆگەنگەندىن سىرت ئەينى ۋاقىتتا كەڭ تارالغان ئەيسىچىنىڭ «ئاممىۋي پەلسەپە» سى ياشلارنىڭ ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىش مەجمۇئەسى ئىچىدىكى جۇڭگو قانداق قىلىپ يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالغان، يەنە «ئىدىيىۋي مىتوت توغرىسىدا» قاتارلىق ماتىرىياللارنىمۇ ئۆگىنەتتى. باش ئۇيۇشما، رايونلۇق ئۇيۇشمىلار داۋاملىق دوكلات يىغىنى، لېكسىيە سوزلەش يىغىنى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆگىنىش قۇداۋلىرىنى ئېلىپ باراتتى ھەمدە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئالاتتى.

كىشلەر شىنجاڭغا كېلىپ مەخسۇس كەسپ خاراكتېرلىك «شىنجاڭ تەجرىبە دىراما ئۆمىكى» نى قۇرۇپ باشقا دىراما ئۆمەكلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتەردى. دىرامىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 1940 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئويۇشمىسى، دىراما ئۆمەكلىرىنىڭ مۇسابىقە يىغىنىنى ئويۇشتۇردى. ھەر قايسى دىراما ئۆمەكلىرى، «يۇرتۇم»، «تۇيۇقسىز زەربە» «ئەمگەكچىلەر قوشۇنى»، «قانلىق 18 - سىنتەبىر»، «ئەڭ ئاخىرقى تەدبىر»، «شاخمەت ئاياغلاشقىنى يوق» قاتارلىق دىرامىلارنى ئوينىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئويۇشما يەنە ھەر يىلى 9 - ئايدا بىر قېتىم پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەتتى. 1939 - يىلدىكى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا گۇڭچەنداڭ ئەزاسى مىڭيى مىڭ تېكستىنى يېزىپ، چېن گويىڭ نوتىغا سالغان «تەنھەرىكەت مۇراسىمى ناخشىسى» نىڭ ساداسى پۈتۈن مەيدانغا ياڭراپ كەتتى. ناخشىدا:

چىقماقتا ئىللىق شامال سىنتەبىر كۈنلىرىدە
توپ - توپ بولۇپ ئويۇشتۇق تەنھەرىكەت بايرىمى ئەتراپىغا
ياپۇنغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن
چېنىقتۇرۇپ بەدەننى چىقىش ئۈچۈن سەپەرگە
(ئاساسى مەزمۇنى)

شوبه ئۇيۇشمىلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇزلىرىنىڭ ناخشىچىلار ئەترىتى بار ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ناخشىچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىمۇ ئاچقان، «يېڭى ئەسكەرلەر باتاليونى» نىڭ مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى يولداش لى جالىننى ناخشا ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇ، ھەپتىدە 3 قېتىم ناخشا ئۆگىتەتتى. كومپارتىيە ئەزالىرىدىن خۇاڭ مىڭفو، لى جى لياڭ، يۇسۇن، لوبوخىڭ، چىن گۇيىن قاتارلىق يولداشلارمۇ داۋاملىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا بېرىپ ناخشا ئۆگىتەتتى. باش ئۇيۇشما، رايونلۇق ئۇيۇشمىلارمۇ پات - پات ناخشا مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، باھالاش، تەقدىرلەش ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دىراما ئويناش پائالىيەتلىرىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن ئەۋج ئالغان بولۇپ ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دىراما ئۆمىكى بار ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدا خەن شۇلىن، لوجى، زەن يۇلىن، جاڭ شاۋدې قاتارلىق 20 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان باش دىراما ئۆمىكى قۇرۇلۇپ بۇنىڭغا باش كاتىپ خۇاڭ مىڭفو بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى. سودا ئىشلار ئۇيۇشمىسى ۋە ھەر مىللەت مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۇرۇش ئۇيۇشمىلىرىمۇ دىراما ئۆمىكى. ناخشا ـ ئۇسۇل ئۆمىكى، جىڭجۇي تىياتىر ئۆمىكى، چىنجۇي تىياتىر ئۆمىكى، سىيخۇ تىياتىر ئۆمىكى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ داۋاملىق بىرلىشىپ ئويۇن قويۇپ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە پۇل توپلايتتى. كېيىن جاۋدەن، ۋاڭۋى مىي شۇي تاۋ، جۇجىڭمىڭ، يەلۇشى قاتارلىق

3 مىليارت سەر پۇل توپلاندى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۇيۇشمىسى بۇ پۇلغا ئۇرۇش ئايروپىلانىدىن 10 ئايروپىلان
سېتىۋېلىپ «شىنجاڭ ماركىلىق» دېگەن نام قويۇپ 1939 ـ
يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە
ئەۋەتتى. شۇ يىلى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇ-
يۇشمىسى «ئالتۇن تەقدىم قىلىش كومىتېتى» قۇرۇپ، ئۈرۈم-
چىدە ئالتۇن تەقدىم قىلىش مۇنبىرى قوردى. ياپونغا قارشى
تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاممىنى ئالتۇن تەقدىم
قىلىشقا ھەركەتلەندۇردى. بۇ قېتىمقى ھەركەتتە ئامما تولۇق ھەركەت-
لەندۇرۇلدى. ھەرقايسى ئىدارىلارنىڭ خىزمەتچىلىرى، ھەر قايسى مە-
ھەللىلەردىكى ئامما، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار،
سودا ـ سانائەتچىلەر تۈركۈملەپ ئالتۇن تەقدىم قىلىش مۇنبىرى ئال-
دىغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ئائىلە ئامانىتى ۋە قىممەت-
لىك ئالتۇن ـ كۈمۈش مارجان ھالقىلىرىنى ۋە مۈلۈك گۇ-
ۋانامىسى قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇنبەرگە
سۇندى. قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدىكى زاتلارمۇ ئۆزلىرى-
نىڭ ياخشى كۆرىدىغان خوتەن گىلىمى ۋە يىپەك تاۋار كى-
يىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ ئالتۇن تەقدىم قىلىش مۇنبىرىگە ئاپىرىپ،
تەقدىم قىلىشتى. ھەتتا 70 ـ 80 ياشقا كىرگەن مومايلارمۇ
ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، نەق مەيداندىلا
قولىغىدىكى ئالتۇن ھالقا، ۋە قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى
چىقىرىپ ئىككى قوللاپ مۇنبەرگە سۇنۇشتى. بۇ قېتىمقى ئالتۇن
تەقدىم قىلىش ھەركىتىدە ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىش ئۇ-

جاھانگىرلىككە قارشى تۆرۆش ئۆيۈشمىسى يەنە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ تۈرلۈك ئەدەبىيات - سەنئەت تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قاناتيايدۇرۇشغا يېتەكچىلىك قىلدى. 1939 - يىل دارىلفۇنۇندىكى ئۆيۈشمىنىڭ بەۋاستە قاراشلىق شوبە ئۆيۈشمىسى بىر قېتىم كەڭ - كولەملىك «جاھانگىرلىككە قارشى تۆرۆش ماي ئېيى» نى خاتىرلەش پائالىيىتىنى ئۆيۈشتۈردى. پائالىيەت جەريانىدا دوكلات بېغىنى نۇتۇق سوزلەش يىغىنى ئۆيۈشتۈردى. ھەمدە ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى قويدى. مەكتەپ مۇدىرى: دوجوگېيۇەن خاتىرلەش مۇراسىمىدا «جاھانگىرلىككە قارشى تۆرۆش ماي ئېيى» تېمىدا سوز قىلدى.

(4) ياپۇنغا قارشى ئىئانە توپلاش، ياپۇنغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، جاھانگىرلىككە قارشى تۆرۆش ئۆيۈشمىسى تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ياپۇنغا قارشى ئىئانە توپلاشقا ھەركەتلەندۇردى. 1937 - يىلى جاھانگىرلىككە قارشى تۆرۆش باش ئۆيۈشمىسى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى قېتىم «28 - دېكابىر» ياپۇنغا قارشى ئىئانە توپلاش ھەركىتىنى قوزغىدى. ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكىلەر بەس - بەس بىلەن ئىئانە توپلاپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ پۇلىغا 2 مىليون سەردىن كوپرەك پۇل توپلىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۆرۆش ئۆيۈشمىسى 1938 - يىلىدىن باشلاپ، ياپۇنغا قارشى ئىئانە توپلاش ھەركىتىنى ئۇزىنىڭ دائىملىق پائالىيىتىگە ئايلاندۇردى. پەقەت شۇ يىلى بىر يىل ئىچىدىلا شىنجاڭ پۇلىغا

باشلاپ، «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى. بۇ دەسلەپتە مۇددەتسىز ژورنال بولۇپ، كېيىن ئاي-لىق ژورنالغا ئۆزگەردى. «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» ژورنىلى 1 - ساندىن باشلاپ 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرغىچە جەمئى 6 توم 30 نەچچە سان نەشر قىلىندى. ھەر بىر ساندا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى، خەلقارا ۋەزىيەت، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھەققىدە مۇھاكىمىلەر بېسىلغان ئىدى. 1939 - يىلىدىن باش-لاپ، شىڭ شىسەي رەتلەپ يازغان «6 چوڭ سىياسەت ھەق-قىدە دەرسلىك» نى بېسىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-قىتتا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى «شىنجاڭ ياش-لىرى» دېگەن ئايلىق ژورنالنى نەشر قىلىپ، كەڭ ياشلار ئۈچۈن كەڭ ئىلمىي مۇنازىرە مۇنبىرىنى ئېچىپ بەردى. ئۇيۇشما يەنە خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى-نىڭ «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» دېگەن ئايلىق ژور-نىلىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ھەر ساھەدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ئورۇن ھازىرلاشقا ياردەملەشتى. ھەمدە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ شىن ماڭ «يېڭى قىلتىرىق» نى نەشر قىلىشقا، ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ «شىنجاڭ ئاياللىرى» نى نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى «ياپونغا قارشى ئۇرۇش كارىكاتۇرا ھەجۋى رەسىملەر توپلىمى» «ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئويما رەسىملەر تاللانمىلىرى». «ياپونغا قارشى تۇ-

چۈن كوپلىگەن ماددى بۇيۇملار توپلۇنۇپلا قالماستىن، بەلكى
ئاممىنى چۇڭقۇر تەربىيىلىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى
سويۇش روھى يۇقۇرى كوتىرىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىـ
شىشتەك ئالى جاناپ روھمۇ گەۋدىلەندۇرۇلدى. 10 كۈن
ئىچىدىلا ئۈرۈمچى رايوندا تەقدىم قىلىنغان پۇل بىر مىليارت
200 مىليون سەر شىنجاڭ پۇلىغا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا
200 مىڭ دانە جوۋا تەقدىم قىلىندى. يەنە نۇر-
غۇن ماددى بۇيۇملارمۇ بار. 1940 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 -
كۈنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى تەكشۈ-
رۈش كومىتېتى قورۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايون،
ناھىيىلىرىدىن توپلانغان ئىئانە پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە
ۋە باشقا كىيىم - كېچەك قاتارلىق بۇيۇملارنى تەكشۈرۈپ
تاپشۇرۇپ ئالدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى 1937 - يىلى 9 - ئاي-
دىن باشلاپ 1940 - يىلى 5 - ئايغىچە توپلىغان ئىئانە
پۇلى كومۇش تەڭگىگە سېلىشتۇرغاندا 2 مىليون 226 مىڭ
يۈەن بولۇپ بۇنىڭدىن ئايروپىلان ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان
پۇلدىن باشقا ھەممە پۇل ياپۇنىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە
ئېۋەتىلدى.

(5) گېزىت - ژورناللارنى نەشر قىلىش. جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئالدى بىلەن «جاھانگىر-
لىك دىگەن نىمە؟» «فاشىزىم دىگەن نىمە؟» قاتارلىق رى-
سالىلارنى شاپىگراپىتا بېسىپ تارقاتتى. 1938 - يىلدىن

قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا جەمىيەت كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ھادىسىلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى يەنە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەركىتىنى تەرتىپ قاناتيايدۇرۇپ، شۆبە ئۇيۇشمىلارنى ئاساس قىلىپ، خەلق باشقۇرىدىغان مەكتەپ، كەچ كۇرسى، ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ، تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلار كىچىك ئەپەندىلەر ئەترىتىنى تەشكىللەپ، كوللېكتىپ ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ دەرس ئۆتتى. ھەر يىلى قىش پەسلىدە 2 ئايلىق قىشلىق ئۆگىنىش ھەركىتىنى قاناتيايدۇرۇپ، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى بۇ ھەركەتكە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ھەربىي ۋە دېخانلارنى زور كۈچ بىلەن ھەركەتلەندۈرۈپ «خالىس ئەمگەك» كە تەشكىللەپ جىددىي تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، يول ياساش، ياتاقخانا ياساشقا ئوخشاش ھەركەتلەرنى ئېلىپ باردى. 1 - سىنىپ مەكتىۋىنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى 1940 - يىلدىكى يازلىق كونىكۇلدا لاۋمەنچىڭدا كېسەك قويۇپ، خىش پىشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى بىلەن يېڭى مەكتەپنى قۇرۇپ چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇنى «يەنئەن روھى» نىڭ مېۋىسى دەپ مەدھىلىگەن ئىدى. يەنە نىكا، ئائىلە جەھەتتىمۇ نىكا ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ نىكاغا ئائىلە باشلىقى چات كىرىۋالىدىغان، كىچىك خوتۇن ئالىدىغان ھەر-

رۇش ناخشىلار توپلىمى» قاتارلىق مەخسۇس كىتاپچىلارنى نەشر قىلدى. بۇ كىتاپچىلار ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئاكتىپ رول ئويىنىدى. «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ» نى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن 1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى باش ئۇيۇشما باش كاتىۋى خۇاڭ مىڭفو «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» نىڭ تەھرىر ھەيئىتىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» ژورنىلى ياپونغا قارشى تۇرۇشنىڭ ۋەزىپىگە زىچ ماسلىشىشى، ئىنقىلاۋىي ئىدىيىلەرنى پائال تەشۋىق قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھىم سوز قىلدى.

(6) جەمىيەتتە يېڭى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىش.

ياڭ زىڭشىڭ، جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھوكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە ئەپيون، نەشە چېكىش تېردىش، سېتىشتەك ناچار كەيپىياتلار جەمىيەتتە يامراپ كەتكەن ئىدى. ھەممىلا جايدا ئۇچۇق - ئاشكارا پاھشەخانىلارنى، قىمارخانىلانى ئېچىپ جەمىيەت كەيپىياتىنى ئېغىر ھالدا بولغىغان ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قورۇلغاندىن كېيىن جەمىيەتتە يېڭى كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قارشى تۇرۇش، پاھشەۋازلىقنى مەنئى قىلىش، قىمار مەيدانلىرىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى ھەركىتىگە يېقىندىن ياردەملىشىپ، ماسلىشىپ،

گومىنداڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئېسىپ قويدى. شىنجاڭ خەلقى ياخشى كۆرىدىغان «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» ژۇرنىلىنىمۇ ئۆزگەرتىپ «يېڭى شىنجاڭ» ئاتلىق ژۇرنىلغا يەنى گومىنداڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى گەرچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ نۇر چاقناپ تۇرىدىغان نۇرلۇق يولتۇز بولۇپ قالدى.

(بۇ ماقالە پىشقەدەم نيەپۇلى، رىن ۋەن جۇڭ، زەن يۇلىن، لاڭ داۋخىڭلار ئېيتىپ بەرگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن بەي يوشەن رەتلىدى)

ئالىم تەرجىمىسى

1982 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

كەتلەرگە قارشى تۇردى. ھەمدە كوپ قېتىم كوللېكتىپ توي قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى، يۇقۇرقىلار كونا ئۆرپ - ئادەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، جەمئىيەتتە يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئەخلاق تىكلەش ئۈچۈن ئاساس ياراتتى.

## ئاخىرقى سوز

يۇقۇرقى بىر قانچە نۇقتىلار پەقەت جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى - بىر خىل ئاممىۋى سىياسى خاراكتېرلىك تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت كومپارتىيە ئەزالىرى رەھبەرلىك قىلىشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك ئىنقىلاۋى كۈچ بولۇپ پۈتۈن ھەملىكەت مىقياسىدا كۈچلۈك تەسىر كورسەتكەن. 1942 - يىلى شىڭ شىسەي ئوزىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيەتنى ئوچۇق ئاشكارىلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئوزىنى ئېتىش ئەرپىسىدە، ئويۇشما ئەزالىرىغا: «6 چوڭ سىياسەتنىڭ روھىغا سادىق بولۇڭلار، سەنمىن جۇيى (3 مەسلەك) گە ئېتىقات قىلىڭلار» دېدى. لېكىن ئۇ، دەرھال گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى شىنجاڭغا يوتكەپ كەلدى. 1943 - يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭ شىنجاڭ ئولكىلىك داڭبۇسىنىڭ رەسمى قورۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەسلى ئورنىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋۇيۇكسىنى ئېلىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا

دارۋازىلارنى بىزەپ ياسىدى، ھەممە كىشى ھەركەتكە كېلىپ
ھەممە يەرنى پاك-پاكىزە تازىلاپ مەيداننى بېزىدى. ھەممىدە ئېغىز
گارمونى مۇزىكا دۇيى تەشكىللەندى. شۇڭا بۇ مۇراسىم ئىنتا-
يىن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ساۋاقداشلار يەنە بىر يىلدىن بۇ-
يانقى ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە ۋە يەنئەن ئىستىلى تەربىيىسى جەريا-
نىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەشتى.
مۇراسىم تازا قىزىۋاتقان چاغدا يۈەنجاڭ دۇچۇڭيۈەن ئەپەن-
دى - «شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق كانىكولدىكى ئىلىنى سايا-
ھەت قىلىش ئۆمىكى» قۇرۇلغان قارارنى ئېلان قىلدى. بۇ قارار
تەبرىكلەش پائالىيىتىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتەردى.
مەكتەپ يۈەنجاڭى دۇچۇڭيۈەن ساياھەت ئۆمىكىگە ئۆزى بىۋاستە
يېتەكچىلىك قىلدى. شىن يەنبىڭ (مۇئەللىم) جاڭ جۈگشى
(مۇئەللىم). گۇشىنشەن (كومپارتىيە ئەزاسى تەلىم- تەربىيە
باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) قاتارلىقلار بىرلىكتە ساياھەت ئۆمىكىنى
باشلاپ ماڭدى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئەنگىلىيىنىڭ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىپ
شىن يەنبىڭ (مۇئەللىم) كۈتىۋېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىدىغانلىقى
سەۋەبىدىن بارالمىدى.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق كانىكولدىكى ئىلىنى سايا-
ھەت قىلىش ئۆمىكى- ئەمەلىيەتتە بىر خىزمەت ئۆمىكى، تەشۋىقات
ئۆمىكى ئىدى. بۇ ساياھەت ئۆمىكىنىڭ مۇكەممەل تەشكىلى
ۋە خىزمەت تەخسىماتى بولۇپ ئۇنىڭدا: كاتىۋات گۇرۇپپىسى؛
خەتتاتلىق خىزمىتىگە، ئومەك باشلىقلىرى يىغىنىنى چاقىرىش، ئۆمەك

# شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق كانىكۇلدىكى ئىلمىي ساياھەت قىلىش ئۆمىكى

ساۋگۇاڭفا، لى رۇجىن

1939 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا يازلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى - مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى قۇشۇھچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى مىڭيىمىڭ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لىنجىلۇ، كاتىپ چىتسيەنمىڭ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ياڭيۇنشىن، ئوقۇتقۇچى شولياڭ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك بەنزىنىڭ قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى 1 - قېتىملىق مەكتەپ تويى ئىدى. ھەمدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى بىرىنچى قارار مائارىپ پاكولتېتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئىدى. شۇڭا پۈتۈن مەكتەپنى شات - خۇراملىق كەيپىياتى قاپلىغان ئىدى.

ھەر قايسى سىنىپلار ئۆز ئالدىغا چوڭ تىپتىكى تەبرىكلەش تام گېزىتلىرى چىقاردى. چوڭ خەتلىك شوئارلار چاپلاندى.

شنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق كانىكولدىكى ئىلمىي سا-
ياھەت قىلىش ئۈمىكى سەپەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال تەييارلىق
خىزمەتلىرىنى جىددى ئىشلىدى. مەسىلەن: تەشۋىقات گۇرۇپپىسى
كوچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇلىدىغان ئويۇن نومىرلىرىنى رەپىتسى
قىلدى. سەھنە كورۇنۇشلىرىنى ياسىدى . سەھنىنىڭ جازىلىرىنى
ۋە كىيىم- كېچەك ، گىرىم قاتارلىقلارنى تەييارلىدى. تەشۋىقات
ۋاراقلىرىنى باستى. تەشۋىقات ماقالىلىرىنىڭ ئارگىنالىلىرىنى
يازدى. شۇ ئارلىرىنى لايىھىلەپ چىقتى. ئومۇمى ئىشلار گۇ-
رۇپپىسى :-« شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق كانىكولدىكى ئىلمىي
ساياھەت قىلىش ئۈمىكى» دىگەن چوڭ خەت يېزىلغان قىزىل
بايراقنى ئۇلگۇرتۇپ تەييارلىدى.ھەممەيلەنگە ھەربىچە ئوزۇق-
تۈلۈك خالتىسى. باكلاشكا. كوز ئەينەكنى ئارىيەت ئەكىلىپ
بەردى. يەنە ئىسىق ئوتۇپ ئاغرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان
دورىلارنى تەييارلىدى: شۇنداق قىلىپ 6-7 كۈنلۈك جىددى
تەييارلىقتىن كېيىن سەپەرگە چىقتۇق. ساياھەت ئۈمىكگە
قاتناشقان ساۋاقداشلار جەمئى 200 دىن ئارتۇق بولۇپ،
خەنزۇ،ئۇيغۇر، قازاق، ئوزبېك، تاتار، خۇيزۇ، مۇڭغۇل، شىبە
قاتارلىق ھەر مىللەت ساۋاقداشلاردىن تەركىپ تاپقان ئىدى.
بىز ئىككى كارنىزون قوماندانلىق ئىشتاۋي ئەۋەتكەن 12 يۈك
ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، 7- ئاينىڭ 7-كۈنى تاڭ سەھەردە داغ-
دۇغىلىق ھالدا يولغا چىقتوق. يوەنجاڭ دۇچۇگيوەن ئەپەندى
ھۇئەلىملەردىن جاڭجۇگشى، گوشىنشەنلەرمۇ بىز بىلەن بىللەيولغا
چىقتى. ئۇلار گەرچە 50 ياشتىن ئاشقان ياشىنىپ قالغان

باشلىغىنىڭ تاپشۇرغان ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئۇمۇمى ئىشلار گۇرۇپپىسى: تاماق، ياتاق ۋە ئارقاسەپ خىزمەتلىرىدىگە مەسئۇل ئىدى. تەشۋىقات گۇرۇپپىسى: يېزىقچىلىق تەشۋىقاتى، ئېغىزچە تەشۋىق قىلىش ئەدەبىيات- سەنئەت نومۇرلىرىنى ئوينىتىش چوڭ خەتلىك شۇئارلارنى يېزىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل ئىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى:- جەمىيەتنى تەكشۈرۈش يەرلىك خەلق ئاممىسىنى يوقلاش ھال- ئەھۋال سوراش قاتارلىقلارغا مەسئۇل ئىدى. ئالاقە قىلىش گۇرۇپپىسى: - سىرىت بىلەن ئالاقە باغلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ يازلىق كانىكولدىكى ئىلمىي سايا- ھەت قىلىش ئۆمىكى- ئوقۇغۇچىلار ئۆز-ئۆزىنى ئاساس قىلىپ تەشكىللەنگەن بولۇپ بارلىق خىزمەتلەرنى ئوقۇغۇچىلار ئۈستىگە ئالغان. پەقەت ئايرىم ئالاقىدار مۇئەللىملەر يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى.

شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ يازلىق كانىكولدىكى ئىلمىي سا- ياھەت قىلىش ئۆمىكى— نامدا شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇ- غۇچى— ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يازلىق كانىكولدىن پايدىلىنىپ ئىلىغا بېرىپ ساياھەت قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، كەڭ- كولەملىك داغ-دۇغلۇق تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ياپۇنغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، ياپونغا قارشى بىرلىكسەپنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ياپۇنغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پائالىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئاجايىپ تەسىرلىك ھېسسىيات ئىچىدە ئالدىمىزدا قاتار- قاتار تىزىلىپ كېتىۋاتقان خەلقارا ماشىنا ئەترىتىنى ئۇزۇتۇپ قاراپ تۇردۇق. بىز شىنجاڭدا بۇ خىلدىكى كۆلىمى ئىنتايىن زور قاتناش- ترانسپورت ئەترىتىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق. ماشىنىدىكى ماددىي بۇيۇملارنى بىرزېنت بىلەن يېپىپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئايرۇپىلان، تانكىلارنىڭ باش- قۇيرۇقلىرى ئېچىلىپ چىقىپ تۇراتتى. بىز بۇلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولۇشۇپ كەتتۇق. ئۇ ۋاقىتتىكى تاش يوللار ئەسلى ھارۋا يولىدىن ئۆزگەرتىلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، يولنىڭ تەكتى پۇختا ئەمەس. ئېگىز- پەس بولغاچقا ماشىنىلارنىڭ يول يۈرۈش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولۇپ نەچچە يۈزلىگەن ماشىنا ئەترىتى ئۆتۈپ بولغىچە خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى. ئەسلى بىزنىڭ شۇ كۈنى بېرىپ چۈشىدىغان بېكىتىمىز كەڭ سايدىكى ئەرتەي ئىدى. لېكىن قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنا ئەترىتى كەينى- كەينىدىن ئۈزۈلمەي ئېقىپ. بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچكىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. كېلىۋاتقان ماشىنا ئەترەتلىرىدىنىڭ چىراقلىرى يېنىپ خۇددى ئوت ھەجدارھالىرىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ساۋاقداشلار ھاياجانلىنىپ توختىماي شېئىر تاۋلايتتى. قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى. ماشىنا ئەترىتىنىڭ شوپۇرلىرىمۇ كوپىنگىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىزنىڭ ماشىنىلىرىمىزغا يوغان- يوغان بولكىلارنى تاشلاپ بېرەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرى بولۇپ ئۇلار بىز گەسەممى دوستلۇقىنى ئىپادىلەش

بولسمۇ، مەخسۇس ماشىنىغا ئولتۇرماي ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرغان گاز ماشىنىلارنىڭ كەينىكىسىگە ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن يول ئۈستىدىكى پائالىيەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن بىز بىلەن جاپا مۇشەققەتتە بىللە بولۇش ئىستىلىنى جارى قىلدۇردى. ساۋاقداشلار بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى.

ساياھەت ئۆمىكى ئۈرۈمچىدىن چىقىپ چۈشكەن. 1- بېكەتتى ماناس ناھىيىسى 2- بېكەتتى شىخو ناھىيىسى بولدى. شىخودىن يولغا چىقىپ جىڭ ناھىيىسىگە بارغاندا چۈش قايرىلغان ۋاقىت ئىدى. بىز بۇ جايدا چۈشلۈك تاماقنى يەپ دەرھال يولغا چىقتۇق. 2 سائەتتەك ماڭغاندا يولدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئېۋەتىلگەن ھەربى ماددى مەبلەغلەرنى توشۇغان ماشىنا ئەتىرىدىگە ئۇچرىشىپ قالدۇق ( شۇ ۋاقىتتا " جۇڭگو ترانسپورتى جەمىيىتى " دەپ ئاتايتتى ) ساياھەت ئۆمىكىمىز سوۋېت ھوكۇمىتى ۋە سوۋېت خەلقى دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەخمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ماشىنا دۈيىمىزنى يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ ئېھتىرام بىلدۈردۇق. ساۋاقداشلار چەكسىز ھاياجانلانغان ھالدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن« ياشىسۇن جۇڭگو- سوۋېت دوسلىقى»، " سوۋېت خەلقىنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىمىز"، " ستالىن ئۈچۈن ھۇررا! " دەپ شۇئار توۋلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنا ئەتىرىتىدىكى ياش شوفېرلارمۇ ھاياجانلىنىپ ماشىنىنىڭ كوپىنكىسىدىن قوللىرىنى چىقىرىپ ئۈزلۈكسىز پۇلاڭلىتىپ ماڭاتتى. بىز

پورت جەمىيتى ، لىك كۆتەۋىلىش بىكەتىدە قوندۇق. ئەتىسى يامغۇر توختاپ كۈنمۇ ئېچىلدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن يولغا چىقتۇق. سويدۇڭدىن ئۆتۈپ چۈشتىن كېيىن سائەت 2 لەردە غۇلجا شەھرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ماشىنىلىرىمىزنى بىر ئوستەڭ بويىغا توختاتتۇق. تەلىم- تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گوشىنشەن كوپچىلىككە: مۇشۇ جايدا بىرئاز توختاپ يۈز- قوللىرىمىزنى يۇيۇپ، توپا- تۇمانلارنى تازىلاپ ئوقۇغۇچىلىق كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ تەرتىپ- قائىدە بىلەن شەھەرگە كىرىشىمىزنى ئۇختۇردى. بۇ يەردىكى ھەممە ئىشلىرىمىز پۈتكەندىن كېيىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ رەتلىك ماڭدۇق شەھەرگە تەخمىنەن 5 كىلومېتىر قالغان يەردە غۇلجا شەھرىدىن قارشى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ۋەكىللەر ئاللىقاچان كېلىپ كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بىزمۇ كېلىپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن قارشى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ماشىنىنىڭ باشلامچىلىقىدا توپ- توغرا غۇلجا شەھەرلىك ئورتا مەكتەپكە كەلدۇق. بۇ مەكتەپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق كانىكولدىكى ئىلمىي ساياھەت قىلىش ئومىكىنىڭ تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قاناتيايدۇرۇشتىكى مەركىزىي ئورنى بولۇپ قالدى.

غۇلجىغا بارغان كۈنى ئۆمەك باشقارمىسى ساۋاقداشلارغا: نەچچە كۈن يول يۈرۈپ چارچىدىڭلار ھازىر ئالدى بىلەن يۇيۇنۇپ دەم ئېلىڭلار، چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە ئىلى كارىزون قوماندانلىق شتاۋى ۋە مەمۇرى مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان قارشى ئېلىش زىياپەت يىغىنىغا قاتنىشىمىز، دەپ ئوخ-

ئۈچۈن قىلغان سوغىلىرى ئىدى. بىزنىڭ ماشىنىلىرىمىز سايرام كولىنىڭ بويىغا كەلگەندىمۇ ئالدىمىزغا كېلىۋاتقان ماشىنا ئەت-رىتىنىڭ چىراقلىرى چاقناپ يورۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. مۇشۇ پەيتتە يۈەنچاڭ ۋە مۇئەللىملىرىمىز مۇزاكىرە قىلىپ مۇشۇ جايغا چۈشۈپ دالادا قونۇپ لاگىر مەشغۇلاتى ئۆتكۈزۈشنى ئۇختۇردى. ھەممەيلەن خوشال- خورام قولىمىزدىكى دوستلار بەرگەن سوغا بولكىلارنى يېيىشىپ ئولتۇرۇپ ماشىنىلارغا باسقان تانكا، ئايروپىلان ۋە باشقا ماددى بۇيۇملارغا قاراپ زوۋقىمىز كېلىپ تاماشاقىلات-تۇق ھەممە مۇشۇنداق يېڭى تېپىتىكى قۇراللار بىلەن ياپۇن ئالۋاستىلىرىغا زەربە بېرىپ ياپۇنغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلبە مەنزىللىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشاتتۇق. بۇكۈندىكى قونالغۇ جايىمىز يول ياقىسىدىكى دالا تۈزلەڭ بولسىمۇ، ھەممەيلەن ھاياجانلىنىپ ئوخلىيالماي تاڭنى ئاتقۇزدۇق. كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مۇ-شۇنداق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكىنىگە 43 يىل بولدى. ئۆتكەن-كى ئىشلارنى ئەسلەپ ھازىرقى ئىشلارغا نەزەر سالساق.بىر نۆۋەتلىك قاتارلىقلارنىڭ سوۋېت خەلقىنىڭ ئىرادىسىغا ئاسىلىق قىلغان رەزىل قىلمىشلىرىغا غەزەپلەنمەي تۇرالمايمىز.

ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ يوتقان- كورپىلىرىمىزنى تېڭىپ ماشىنىغا بېسىپ يولغا چىقتۇق. ماشىنىمىز كەڭسايغا كىرىشى بىلەن يامغۇر يېغىپ بارغانسىرى كۈچەيدى. ماشىنىمىزنىڭ ئۈستىنى ياپىدىغان بىرزىت يوق ئۈستى ئوچۇق ماشىنىدا ئولتۇرۇپ قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ھېچكىم ئەرتەيگە يېتىپ باردۇق. ئۇ كۈنى بىز" جۇڭگو تىرانىس-

تارقىلىپ يۈردى. شۇ كۈنى كەچتە ئىلىنىڭ يەرلىك ئورۇنلىرى كەچلىك ئويۇن قويۇپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى جىڭجۈي تىياتىرى قويۇپ بەردى. بۇ تىياتىر ئومىگىنى "مۇھاجىرلار بەنى" دەپ ئاتايتتى. ئۇلار ئاساسەن جىڭجۈي تىياتىرى، خېبى باڭزى پىڭجۈي تىياتىر- لىرىنى ئوينايتتى. بۇ ئۇمەك ئەمدىلا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ بىرىنچى بولۇپ بىزنى كۆتەۋىلىش ئۈچۈنسىدىن ئويۇن قويغان ئىدى. بۇلار قويغان ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنىدا ۋەتەنپەر- ۋەرلىك كەيپىيات تولۇپ- تاشقان.

بىز ئىلىغا بېرىپ 2- كۈنى ئىلى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىز تۇرۇۋاتقان غۇلجا ئوتتا مەكتىۋىنىڭ تەن- تەربىيە مەيدانىغا سەھنە ياساپ، دەرھال قەغەز، سىيا، ئاق سىر، ھاك چىلىكى قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىپ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا تەييارلىق قىلدۇق. ساۋاقداشلار ئىرىشىپ كېچە- كۈن- دۈز جىددىي ئىشلەپ ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تۈغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى بېسىپ تارقىتىشقا كىرىشتى. ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسى سەھنە كورۇنۇشلىرىنى ياساپ چى- راقلارنى قۇراشتۇرۇشقا كىرىشتى. كوچىمە تەشۋىقات گورۇپپىسى، 3- 4 ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ھاك چېلەكلىرىنى، شۇئار يازىدىغان چوتكا قەلەملەرنى ئېلىپ ھاۋانىڭ ئىسسىق تومۇزىغا قارىماي ئۇزلىرىگە تەخسىم قىلىنغان رايونلارغا پىيادە بېرىپ كوچىمۇ- كوچا مەھەللىمۇ- مەھەللە، يۇرۇپ تاملارغا شۇئار ياز- دى. يېزىلغان شۇئارلارنىڭ مەزمۇنى:" ياپون جاھانگىرلىكىنى

تۇردى. ساۋاقداشلار زىياپەت زالىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇ-
غۇچىلىق كىيىملىرىنى رەتلىك كىيىپ كىردى. كۈلۈبىنىڭ ئىچى
ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ كۈلۈبىنىڭ شامال ئۆتكۈزىدىغان ھاۋا
تەكشەيدىغان ئۈسكۈنىلىرىمۇ يوق بولغاچقا نەپەس سىقىلغىدەك
ئىسسىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ساۋاقداشلار تەرتىپ- ئىنتىزامنى
ساقلاپ قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن
گارنىزون قوماندانى قوشۇمچە ۋالى ياۋشىشۇك ئورنىدىن تۇ-
رۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ساۋاقداشلار! ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق
باش كىيىملەرنى ئېلىۋېتىپ ئەركىنرەك، سالقىنراق ئول-
تۇرۇڭلار، دېدى. لېكىن، ساۋاقداشلار گويا ئۇنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىمىغاندەك قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇ، يەنە بىر قېتىم
ساۋاقداشلارنىڭ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ كەڭتاشراق ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلدى، ساۋاقداشلار يەنىلا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى.
ياۋسىلىڭنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان يۈەنجاڭ دۇچۇڭيۈەن ئورنىدىن
تۇرۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ ياۋ قوماندان، ساۋاقداشلارنىڭ كېيىملىرىنى
سېلىپ كەڭ- كۇشادا، سالقىنراق ئولتۇرۇشنى ئۆتۈندى. شۇڭا،
كېيىملىرىمىزنى سېلىۋېتىپ ئەركىنرەك ئولتۇرساق بولىدۇدېدى.
يۈەنجاڭنىڭ سۆزىدىن كېيىنلا ساۋاقداشلار ئورۇنلىرىدىن دەرھال
تۇرۇپ باش كىيىملىرىنى ئېلىۋېتىپ سالقىنلاپ ئولتۇرۇشتى.
بۇ گەرچە ئېغىزغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان كىچىك ئىش بول-
سىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇ-
تەھكەم ئىنتىزامى ۋە ئېسىل مەكتەپ ئىستىلىنى ئەكس ئەت-
تۈرەتتى. بۇ ئەھۋال دەرھال ئېلىغا پۇركېتىپ كىشىلەر ئاغزىدا

تەرغىباتنى ئېلىپ باراتتى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ شۇ ۋاقتىدىكى ۋەزىيىتىنى چۈشەندۈرەتتى. بىرىنچى كۈندىكى كۆڭۈل ئېچىش كەچلىگىدە ئالدى بىلەن يېڭەنجاڭ دۇجۇڭيۈەن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ، ئاممىباپ تىلى بىلەن ئوقۇمۇشلۇق قىلىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنتىپاقلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاتتى. ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقان ئامما كەينى-كەينىدىن چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى. ھەممە تەشۋىقاتچىلار ئاممىنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ ئۇنىڭ شۇئار تاۋلاشقا باشلامچىلىق قىلدى. شۇڭا ئۇ كۈندىكى مەيداننىڭ كەيپىياتى ئادەتتىن تاشقىرى تەنتەنىلىك بولدى.

ھەر كۈنى كەچتە ئوينىلىدىغان نومۇرلارنىڭ تولاراغى بىر ئىككى پەردىلىك قىسقا دىراما بولۇپ مەزمۇنى: ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ قىرىنداشلىرىمىز ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان قانلىق قىرغىنچىلىقلار ۋە مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۆرەش جەريانىدىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنىڭ ئوبرازلىرى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە مەيدان ناخشا-ئۇسۇل كېچىلىكىمۇ ئۆتكۈزۈلدى. ئېيتىلغان ناخشىلارنىڭ مەزمۇنى: ياپونغا قارشى تۇرۇش، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش قاتارلىق مەزمۇنلار بولۇپ يەنە ئىنقىلاۋى ناخشىلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن: "پىدائىيلار قوشۇنى مارشى،" "قىبلىشچىلار مارشى،" "دۈشمەن ئارقاسىيىگە بارايلى،" "تىيانشان تېغىدا" قاتارلىق ناخشىلار ئىدى. ئۇيغۇر ساۋاقداشلار ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى ناخشىلارنى

يوقۇتايلى!"؛" ياپۇنغا قارشى مىللى بىرلىك سەپنى مۇستەھ-
كەملەيلى!"؛" ياشىسۇن شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك
ئىتتىپاقلىقى!"؛" ئىتتىپاقلىشىپ ياپۇنغا قارشى تۇرۇشنى قەتئى
داۋاملاشتۇرۇپ بولغۇنچىلىككە، تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرايلى!"
دېگەنلەردىن ئىبارەت 20 نەچچە تۈرلۈك ئىدى. شۇئارلار
خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە 2 خىل يېزىقتا يېزىلغان بولۇپ ئالاھىدە
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەر مىللەت خەلقلىرى توپ- توپ بولۇشۇپ
ئوقاتتى. تەشۋىقاتچىلىرىمىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شاپىگىراپتا
باسقان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقاتتى. بەزى ساۋاقداشلار
بولسا، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ
بېرەتتى. تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات
يايدۇرۇپ خەلق ئاممىسىنىڭ ياپۇنغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى
قوغداش قىزغىنلىقىنى قوزغاتتى. بۇ خىزمەتكە قاتناشقان سا-
ۋاقداشلارنىڭ سانى كۆپ، ھەركىتى تېز بولغاچقا قىسقىغىنا
بىر ھەپتە ئىچىدىلا پۈتۈن ئالدى- كەينى كوچىلارنىڭ ھەم-
مىسىگە تەشۋىقات ۋەرەقلىرى. چاپلىنىپ تەشۋىقاتلىرىمىزدىن
ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. ھەر كۈنى كەچتە ئويۇن قويىمىز.
شۇڭا غۇلجا شەھرىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى كۈن
ئولتۇرۇش بىلەن تەڭلا بەس- بەس بىلەن شىنجاڭ ئىنستۇتى
ساياھەت ئۆمىكى تۇرغان يەرگە كېلىپ ئويۇن كۆرەتتى. ھەر
بىر مەيداندا ئويۇن كۆرگۈچىلەر تەخمىنەن 3- 4 مىڭ كى-
شىگە يەتتى. ئويۇن باشلىنىشتىن ئەۋەل تەشۋىقاتچىلىرىمىز
ياپۇنغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە تەشۋىقى

قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئىرادىسىنى ئىنقىلابقا ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان ئېسىل ئىدىيىۋى غايىلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن چوڭقۇر ئەمەلىي تەربىيە ئالدۇق.

غۇلجىدا ئىشلەنگەن خىزمەتلىرىمىزدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق، ساياھەت ئۆمىكى رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ قەرز ئالغان نەرسىلىرىمىزنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، قايتىشقا تەييارلاندۇق. يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن گارنىزون قوماندانلىق شتابى ۋە مەھكىمىسى ئۇزۇتۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. يىغىندا باش قوماندان قوشۇمچە ۋالى ياۋشۇڭ سۆزلىدى. ئۇ، ساياھەت ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەردى ۋە ساۋاقداشلار قايتىپ بارغاندىن كېيىن تىرىشىپ ئوقۇپ شىنجاڭنىڭ بۇندىن كېيىنكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىت قىلدى. ھەمدە ساياھەت ئۆمىكىنىڭ خىزمەت رولىنى ۋە ئىستىلىنى ئۆگىنىپ ئىلى رايونىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. يۈەنجاڭ دوچۇگېيۈەن يىغىندا جاۋابەن سۆز قىلدى. ئۇ، سۆزىدە ئىلى رايونىنىڭ ساياھەت ئۆمىكىمىزنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىمىزنى قوللاپ ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىككىنچى كۈنى ھەممىمىز مېڭىش ئالدىدا غۇلجا ھەر مىللەت خەلقلىرىدىن ئايرىلغىمىز كەلمەي، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئورنىتۇلغان دوستلۇق، رىشتىنى قىيمىغان ھېسسىياتتا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قوللىرىمىزنى پۇلاڭلىتىپ خوشلۇشۇپ غۇلجا ئوتتۇرا مەكتىۋىدىن ئاخشا،

ئېيتىپ بېرىشتىن سىرت مىللىچە ئۇسسۇل ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى دىرامىلارنى قويۇپ بەردى.

ساياھەت ئۆمىكىمىز غۇلجىدا نۇرغۇنلىغان تەشۋىقات- تەربىيە خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەندىن تاشقىرى يەنە يەرلىك مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بىلەن داۋاملىق تەجرىبە ئالماشتۇردى. تاتار مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋالىبول كاماندىسى بىلەن دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ ئۆز- ئارا توپ ئويناشتى. سەنئەت تەجرىبىسىنى ئالماشتۇرۇپ دوستلۇقنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئىلى تەنتەربىيىچىلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

ساياھەت ئۆمىكى يەنە مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ ئىلى پىۋا زاۋۇتى، ياغاچ ماتېرىياللار زاۋۇتى، تېرە زاۋۇتلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. كورە كونا شەھرىنى غۇلجا دەرياسى بويىدىكى ماتورلۇق كېمىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. يەنە مېھمان- دوست ئۇيغۇر يۇرتداشلار ساياھەت ئۆمىكى بارلىق ساۋاقداشلارنى ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالمىلىق باغلارغا تەكلىپ قىلىپ ساياھەت قىلدۇردى ۋە قىزغىن كۈتۈۋالدى.

بىز مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئارقىلىق" ئىلى و شەھەرنىڭ شىنجاڭ تارىخىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشىنىپ ئالدۇق ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ غەربى- شىمال چېگرا رايونىدىكى بۇ خىل گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرىنى كورۇپ شۇنداق چوڭقۇر تەسىرات ئالدۇق. ئەڭ مۇھىمى بىز ھەقىقەتەن خەلق ئاممىسى ئارىسىغا چۆكۈپ چوڭقۇر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپىنغا

قىلدى. ساۋاقداشلارنىڭ كوپچىلىگى تاققا چىقىپ كەتتى. يەنە بەزىلەر ھاۋا يىيىش ئۈچۈن تاغ ئېدىرلىرى ئىچىدىكى كوپكوك ئوتلاقلارغا كېتىشتى. مۇشۇ پۇرسەتتىمۇ قولدىن بەرمەي مالچىلاردىن ھال سورىدى. مالچىلارنىڭ كىگىز ئويلىرىنى ئېكىس-كۇرسىيە قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئىگەللىدى. كەچتە يىغىلىپ تۇرمۇش تەكشۈرۈش يىغىنى ئاچتۇق. يىغىندا بۇ بىر مەزگىل ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەر جەريانىدىكى، خىزمەت، ئىنتىزام، ئۆگىنىش ئەھۋاللىرىنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ، ئاخىرىدا يۇەنجاڭ خۇلاسە چىقاردى.

ئىككىنچى كۈنى جىڭ ناھىيىسىگە كەلدۇق. ساۋاقداشلار ماشىنىدىن چۈشۈپلا دەرھال تەشۋىقات خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. كەچتە يەنە بۇ ناھىيىدىكى بۇتخانىدا ئويۇن قويۇپ بەردۇق. بۇگۈنكى كوڭۈل ئېچىش كەچلىگە يەرلىك ئاھالىلار قاتناش-قاندىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنا ترانسپورت ئەتىرىتىنىڭ 200 دىن ئارتۇق شوفېر ۋە باشقا خادىملىرىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئۇلار مەيدانغا تىزىلىپ رەتلىك قائىدە-يوسۇنلۇق ھالدا كىرگەندە ساياھەت ئۆمىگىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ۋە مەيداندىكى بارلىق خەلق ئاممىسى قىزغىن چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدى. ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن يۇەنجاڭ دۇچوكيۇەن ئەپەندى نۇتۇق سوزلىدى. سوۋېتلىك دوستلارمۇ قاتناشقانلىغى ئۈچۈن جاڭجۇگشى ئەپەندىم، رۇسچە تەرجىمە قىلدى. بۇگۈنكى كوڭۈل ئېچىش كەچلىگىمۇ ئىنتايىن قىزغىن بولدى. تاماشىبىن-لارغا ئويۇن قويۇپ بەرگەنىنىڭ سىرتىدا يەنە ياپۇنغا قارشى

شەھر سادالرى ئچدە يولغا چقتۇق. غۇلجدن قايتش سە-
پرمزدكى برنچى بېكەت سۇيدۇڭ ناھيەسى بولدى.
بز يېتپ كەلگەندە كۈن تېخى ئەتسگەن بولغاچقا، ساۋاقداشلار
ئۆزلرنگە تەقسم قلنغان ئشلار بويچە پائالىيەتلەرگە كرشپ
كەتتى. بەزلەر شۇئار يازسا، بەزلەر تەشۋىقات ۋەرەقلرى
تارقاتتى. بەزلەر كوچغا چقپ، خەلقلەرنى توپلاپ ئېغزچە
ياپۇنغا قارشى تۇرۇش ھەققدە تەشۋىقلارنى قلپ ھە دېگەن-
دلا پۈتۈن ناھيە بازرنى زل-زلگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئويۇن
قويۇش گۇرۇپپسى بر بۇتخاننڭ ئچگە سەھنە ياساپ
ئويۇن قويۇشقا تەييارلاندى. بۇ كۈندكى ئويۇننى كورگلى
كەلگەن ئادەملەر ئنتايىن كوپ بولغانلقتن قسلپ ئۇياق-
بۇياقلارغا ئوتكلمۇ بولمايتتى. ھەتتا قورا ئچدكى بر
نەچچە تۈپ قاراياغاچنڭ ئۈستلرگمۇ نۇرغۇن ئادەملەر
چقۋالغان ئدى. ئادتمز بويچە ئويۇن قويۇشنڭ ئالددا
ياپۇنغا قارشى تۇرۇش ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققدە نۇتۇق
سوزلەندى. نۇتۇق سوزلەۋاتقاندا ساۋاقداشلار ئاممنڭ ئار-
سغا برپ باشلامچلق قلپ شۇئار تاۋلاپ مەيداننڭ
كەيپياتنى تېخمۇ كۆچەيتتى. سەھنە ئۈستى ۋە مەيداندكى
كەيپيات برلشپ تېخمۇ قزپ كەتتى. ھەتتا شۇ يەردكى
كشلەر غۇلغۇلا قلشپ بۇنداق كەيپيات سۇيدۇڭ تارخدا
كورۇلۇپ باقمغان دېيشتى. بز سۇيدۇڭ ناھيەسدن چقپ
كەڭ سايغا كەلدۇق. بۇ يەرگە كەلگەندمۇ كۈن تېخى ئەتسگەن
بولۇپ، ساۋاقداشلار تاماقتن كېينلا ئختيارى ھەركەت

خەلق تۇرمۇشنى تەكشۇردۇق. يەنە 2 باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ياپۇنغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشغا ئائىت ناخشىلارنى ئۇگەتتۇق. پۇتۇن كوچىلارغا شۇئار يېزىپ چاپلىۋەتتۇق. ئىككىنچى كۇنى زور غەلبە بىلەن قايتىپ كەلدۇق.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق كانىكولىدا ئىلىنى ساياھەت قىلىش ئومىگى گەرچە ئىلىغا بېرىپ كېلىشى ئۇچۇن قىسقىغىنا بىر ئاي ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئۇنىمىمىز ئاجايىپ ياخشى بولدى. دوكلات قىلىش چوڭ يىغىنىدا يىۋەنجاڭ دوچوگيۇەن ئەپەندى: «ساياھەت ئومىگى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ياپۇنغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا تەشۋىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئامىمىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ئوستى. ياپۇنغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ چوقۇم غەلبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۇچەيدى. ھەممە ساۋاقداشلار جەمىيەتكە چوڭقۇر چوكۇپ جەمىيەتنى تونۇشى چوڭقۇرلاشتى. مول بىلىمگە ئىگە بولۇپ خىزمەت قابىلىيىتى ئوستى» دىدى. دوكلات يىغىنىدىن كېيىن خۇيباۋ تەرىقىسىدە ئويۇن قويۇپ بەردۇق. ھەممە ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ئەدىبى-سەنئەت خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئۇچۇن كەلگەن جاۋدەن، ۋاڭۋىيى، شۇي تاۋ، يى لىيە، جۇجىن مىڭ، يىيەلاۋسى قاتارلىق سەنئەتكارلارنىمۇ ئويۇن كورۇشكە تەكلىپ قىلدۇق. جاۋدەن قاتارلىقلار، مۇشۇ قېتىم ئويۇن كورۇش ئارقىلىق جاۋگورىن، ئەنتاۋچىڭ قاتارلىق

تۇرۇش ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ناخشىنى ئۇگەتتۇق.

جىگدىن چىقىپ شىخوغا كېلىپ بىر قوناپلا ئەتىسى مايتاغ نېفىت مەيدانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بۇ نېفىت مەيدانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ بارلىق ئۈسكۈنىلىرى سوۋېتتىن كەلتۈرۈلگەن ئىكەن. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان تېخنىكلارمۇ سوۋېتتىن كەلگەن ئىدى. بىزنى نېفىت مەيدانىدىكى بارلىق مەسئۇللار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر قىزغىن كۈتۈپ ئالدى. ھەمدە نېفىت مەيدانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئىنژېنېرلار بىزنى باشلاپ پۈتۈن مەيداننى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. بىز نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بىلەن نېفىتلىكنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا بىزنىڭ نېفىت چىقىش ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشىراق كۆرۈشىمىز ئۈچۈن مەخسۇس بىر قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىكى چوڭ تۆمۈر تۈگنى ئېلىۋېتىپ ئاپتوماتىكى نېفىت ئاقىدىغان قۇدۇقنى كۆرسەتتى. ئېكسكۇرسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ساۋاقداشلار ئۆزلىگىدىنلا يىغىلىپ تەسىرات سۆزلەشتى. ھەممەيلەن بىردەك نېفىت سانائىتى، دۆلىتىمىزدە غەربىي شىمال رايونىنىڭ پەقەت گەنسۇ يۈمىن نېفىت كانى بىلەن شىنجاڭ مايتاغ، نېفىت كانى بار بولۇپ، بۇ خىلدىكى يېڭى تىپتىكى سانائەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلىرىدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە دېيىشتى. مايتاغدا ئېكسكۇرسىيەنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. ماناسقا كېلىپ بىر كۈن تۇردۇق، بۇ يەردە گۇرۇپپىلار بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ ئاساسەن جەمىيەت ئەھۋالى،

## 3 ئەۋلات «شىنجاڭ پادىشاسى» نىڭ قىسقىچە تارىخى

(مەزكۇر ژورنالنىڭ ماتىريال بولۇمى )

**ياڭزېڭشىڭ**

ياڭزېڭشىڭ، تەخەللۇسى- دىڭ چىڭ . ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يۇرتى - جياڭسۇ شاڭيۈەن( جياڭنىڭ ناھىيىسى) مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يۈننەنگە كوچۈپ بارغان. 1863 يىلى (چىڭ تونگزىنىڭ 2 - يىلى ) يۈننەن مىڭزى ناھىيە موبىدىيە كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يەرنىڭ ئەمەلدارلىرى "قوشۇمچە پومىششىك ياڭزېڭشىڭ "ئەمەلدار ئائىلىسىدىن" كېلىپ چىققان بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ «سىشۇ»،« ۋۇجىڭ » لارنى ئوقۇغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي دەۋرىدە شۇ جايدا ئىمتىھان بېرىپ ( 1888 - يىلى ) بىلىملىك ئادەم دىگەن نام ئالغان. 2 -يىلى ئوردىغا بېرىپ ئىمتىھان بېرىپ، فېئودال پادىشا خاندانلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان باگو ماقالىسىنى يېزىپ ( 1889 يىلى ) جىڭشى دىگەن نام ئالغان. بۇ نامنى باشقا چىقارغاندىن كېيىن ئوردىدا كىچىك ئەمەلدار بولغان. ئۇزۇن ئوتمەيلا بۇيرۇق بىلەن گەنسۇغا ئەۋەتىلىپ،

ساۋاقداشلارنى تاللاپ دولەت مۇداپىيەسىنىڭ «كۈرەش» ناملىق چوڭ تىپتىكى درامىسىغا قاتناشتۇردى.

شۇ يىلى ساياھەت ئۆمىكىگە قاتناشقان ساۋاقداشلار ھازىر 60 ياشتىن ئېشىپ قېرىلار قاتارىغا كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پېنسىيىگە چىقىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە. بەزىلىرى يەنىلا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە داۋاملىق خىزمەت ئىشلىمەكتە. ئۇلار گەرچە قېرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ساياھەت ئۆمىكىنىڭ ئۇلارنىڭ قان-تومۇرلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن قۇۋۋەتلىرى ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى جاللاندۇرماقتا. بولۇپمۇ شۇ زامانلاردىكى كۈرەشچان تۇرمۇشلىرىنى ئەسلىگەندە ئۇلار ئۆزلىرىنى يەنە ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىدۇ.

ئالىم تەرجىمىسى

ياڭزىڭشىڭغا ئۆلكىنىڭ مەركىزىدىن 5 باتالىيون خۇيزۇ ئەسكەر
ئېلىشنى تاپىلاپ، ئۇنى قوشۇمچە ئەسكەر باشلىقلىقىنى ئۇ-
تەشكە تەيىنلىدى. ياڭزىڭشىڭ، مافۇشىڭ، مافۇمىڭ، ماجىژخې،
لى فۇشۇ، لى فۇشىڭ قاتارلىق 5 كىشىنى باتالىيون باش-
لىقلىقىغا تاللىدى. يۈەنداخۇا بىلەن ياڭزىڭشىڭ ئۆزلىرىنىڭ
قول ئاستىدىكى قوراللىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ، 1911-
يىلى 10-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى دىخۇا قوزغىلىڭىنى باس-
تۇردى. لېكىن دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرلەش ئېقىمىنى ئۇلار
ھەرگىزمۇ توسىيالمىدى. شۇڭا، يۈەنداخۇا غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ
خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 1912-يىلى 6-ئاينىڭ 5-
كۈنى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. شۇنىڭ بىلەن ياڭزىڭشىڭ
شىنجاڭنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىغا ئىگە بولدى. ياڭزىڭشىڭ
تەختكە چىققان شۇ كۈنىلا دەرھال تېلېگرامما تارقىتىپ
«مىڭگونىڭ ھەربى باشلىقلىق» ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

ياڭزىڭشىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۆزد-
نى قوغداش، خەلقنى كونترول قىلىش سىياسىتىنى يولغا
قويدى. يەنە بىر جەھەتتىن ھەر خىل ۋاستىلارنى قوللىنىپ
ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى تازىلىدى. ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ
غۇلجا جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتى رەھبىرى فىنتىمىننى ئۆلتۈردى.
يەنە جۇمھۇرىيەت قوزغىلىڭىغا قاتناشقان «جەمىيەت پارتىيىسى»
نىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى. 1915-يىلى
يۈەنشىكەي بېيجىڭدا پادىشالىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرگەندە ياڭ-
زىڭشىڭ دەرھال ئۆزىنىڭ ساداقەتلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن

ئالدى بىلەن تيەنشۈي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆ-
تىگەن. كېيىن خېجۇ ( لىڭشا ) نىڭ ئەمەلدارى بولغان.
خېجۇدا 7 يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن. گۇاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللى-
رىدا گەنسۇدىكى مەكتەپلەرنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان.
كېيىن شەنشى، گەنسۇلاردا باش مۇپەتتىشلىكتىن ئالى مەكتەپ-
لەرنىڭ نازارەتچىلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن. 1908 - يىلى (مەنچىڭ
خاندانلىقى گۇاڭشۈي 34 - يىلى ) ئۈرۈمچىگە بېرىپ سىشتەيخو
بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ « قەيسەر-
لىك بىلەن چېگرا رايونىنى قوغدىغانلىقىنى » ماختاپ بەرگەن.
شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ئۇنى شىنجاڭ
ئاقسۇنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن. ياڭزېڭشىڭ گەنسۇغا
قايتىپ كېلىپ ۋەزىپىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى
بېجىرىپ بولۇپ، 1911 - يىلى ( چىڭ خاندانلىقى شەنتۇڭ
3 -يىلى ) شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. قۇمۇلغا يېتىپ
كەلگەن ۋاقتىدا دەل ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا توغرا كېلىپ قالغان.
ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى يۈەنداخۇا ئىنتايىن
قىيىن، خەتەرلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان پەيت ئىدى.
ياڭزېڭشىڭ دىخۇا( ئۈرۈمچى ) گە يېتىپ كەلدى. يۈەنداخۇا
ئۇنىڭ قول ۋەزىرلىككە ئىگە بولغاندەك خوشاللىنىپ، ئۇنى چەكسىز
ياخشى كۆرۈپ ئاقسۇدىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ئۆلكىنىڭ
مەركىزىگە قانۇن باشقۇرىدىغان، قوشۇمچە بارىكول جىڭنىڭ،
ئۈرۈمچىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا ئۆستەردى. يۈەنداخۇا شىڭخەي
بوران-چاپقۇنىنىڭ ھوجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن

ياڭزىڭشىڭ شىنجاڭدا 17 يىل ھوكۇم سۈردى. ئۇ، ئۆزىنى «ھەممە ئىشىرچىلىقنى ئۆزەملا تارتقان» دەپ ماختىغان ئىدى. ئەمىلىيەتتە ئۇ، ئۆزىنىڭ كوپ ۋاقتىنى قەغەز، قەلەم بىلەن ئوتكۈزگەن. ئۇ، ئىلگىرى- ئاخىرى بولۇپ «ئويۇمدە ئو- قۇغان كىتاپلىرىم» 3 توم 56 قىسىم، «ئويۇمدە يېزىلغان خاتىرە» 30 قىسىم، «ئوقۇغان كىتاپلىرىمغا تولۇقلانغان ئىزا- ھات» بىر قىسىم. «ئىككى داڭلىق توپلامغا ئىزاھات» بىر قىسىم، «ئۆگەنگەنلىرىمدىن خاتىرە» 6 قىسىم، «ياشانغىچە ئوقۇغانلىرىمنىڭ خاتىرىسى» 7 قىسىم، «تۈزەش بىلىمنىڭ ئاساسىي مەنىسى» بىر قىسىم دىگەن كىتاپلارنى يېزىپ نەشىر قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرلىرى ئىچىدە «ئويۇمدە ئوقۇغان كىتاپلىرىم» دىگەننى ياڭزىڭشىڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئارخىپلىرىدىن تاللاپ تەھرىر قىلىپ چىققاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى لاۋجاڭ ئىدىيىسىنىڭ داشقايىنغىدىن ئىبارەت.

## جىڭ شۇرېن

جىڭ شۇرېن تەخەللۇسى-دې ئەن. گەنسۇ خېجۇ «نىڭ- شا» يۇنجىڭلىق. 1879 - يىلى (مەنچىڭ خاندانلىق گۇاڭشۇي 4 - يىلى) تۇغۇلغان. ياڭ زىڭشىڭ خېجۇنىڭ ئەمەلدارى بول- غان مەزگىلدە خېجۇ مەكتىۋىنى باشقۇرغان. ئۇزى شۇ مەك- تەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. جىڭ شۇرېن ئوقۇۋاتقان مەز- گىللىرى خېجۇ مەكتىۋىدە ئوقۇغان ئىدى. شۇڭا، ياڭ زىڭ- شىڭ بىلەن جىڭ شۇرېن ئەڭ بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچى بىلەن

15 بولاق ئالتۇننى تەغدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «خوڭشەن
پادىشالىغى» نىڭ «بوجۇي» دېگەن ئەملىگە ئىگە بولدى.
سەي ئۇ يۈننەندە يۈەنشىكەيگە قارشى قوزغىلاڭ قوزغىغاندا،
مەملىكەت بويىچە دەرھال ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. ياڭزېڭشىڭ
ئۆزىنى جىنايەتتىن قاچۇرۇش ئۈچۈن قوينى كالىنىڭ ئورنىغا
قۇربان قىلىشتەك زەھەرخەندىلىك ۋاستىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ
قوغداش ئەترەت باشلىغى شادىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش
باتاليۇن باشلىغى لى يەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، دەرھال 5 رەڭلىك
دۆلەت بايرىغىنى ئېسىپ چىقىپ، ئۆزىنى ئاقلاپ باشقىلارنى
قارىلىدى. 1919 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئالتايغا
ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ يۇشۇرۇن دۈشمىنى بولغان مەركىزىي
ھوكۇمەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئالتاي پەۋقۇلئاددە رايونىنى
چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. بىيغا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سولچى-
لاردىن فەنياۋنەن بېيفاغا ئاۋاز قوشۇپ ياڭزېڭشىڭنى ئاغدۇ-
رۇش سۇيىقەستىدە بولغان. ياڭزېڭشىڭ بۇنى سەزگەندىن كېيىن،
1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دەرھال 5 رەڭلىك دۆلەت
بايرىغىنى 3 رەڭلىك دۆلەت بايرىغىغا ئۆزگەرتىپ ھەمدە ئۆلكە-
لىك ھوكۇمەت ھەيئىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كورۇپ، ئۆزىنىڭ
گومىڭ ھوكۇمىتىگە قايىل بولىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ بۇ ئارقىلىق
سولچىلارنى باستۇرغان. 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
ياڭزېڭشىڭ ئۆلكە قارمىغىدىكى رۇسچە قانۇن مەكتىۋىنىڭ 1 -
قارار مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ۋاقتىدا فەنياۋ-
نەن ئەۋەتكەن سولچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۆلگەن
ۋاقتىدا 65 ياش ئىدى.

«7 - ئىيول» سىياسى ئۆزگىرىشى يۈز بەردى. فەنياۋنىڭ ياڭ-
زىڭشىڭنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. جىن‌شۇرېن دەرھال قوراللىق كۈچ-
لىرىنى يوتكەپ فەنياۋنەننى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە، ئۆزىنگە قار-
شى پارتىيە-گۇرۇھلارنى باستۇرۇشقا سالدى. 7 - ئاينىڭ 8 -
كۈنى جىن‌شۇرېن ھەربى ۋە ھوكۇمەتنىڭ ئاساسلىق خادىملىرىنى
چاقىرىپ كېيىنكى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلغاندا، دىخۇا ناھ-
يىسىنىڭ ھاكىمى قوشومچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باش-
لىغى چىڭ‌جىشەن نەق مەيداندىلا، جىن‌شۇرېن خائىنلارنى
باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ، رەئىسلىكنى ئۆز ئۈستىگە
ئېلىشى كېرەك، دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن
ھەممە قول - چوماقلىرى ماقۇل كورۇپ جىن‌شۇرېننىڭ تەختكە
چىقىشىنى ھىمايە قىلدى. 9 - كۈنى جىن‌شۇرېن سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ
جەريانىنى نەنجىن ھوكۇمىتىگە مەلۇم قىلدى. ھەمدە پۈتۈن شىن-
جاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەربى ھوكۇمەت خادىملىرىغا
ۋە ھەر مىللەت يۇقۇرى قاتلام خادىملىرىغا ئومۇمى ئۇقتۇ-
رۇش تېلېگراممىسى يوللاپ، كۈچىنىڭ بېرىچە ئۆز خىزمەت
ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ، جايلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى قوغ-
داشنى تەلەپ قىلدى. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ ئولكى-
لىك يىغىنىنىڭ باشلىقلىرى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلار
بىلەن بىرلىشىپ نەنجىڭ ھوكۇمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ جىن-
شۇرېننى شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ رەئىسلىكىگە رەسمى
تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى. نەنجىڭ ھوكۇمىتى كېچىكتۈرۈپ
بۇ ھەقتە قارار چىقارمىدى. تاكى 1932 - يىلى كۈزدە ئا-

ئوقۇغۇچى ئىدى. ياڭ زېڭشىڭ خېجۇدا مەكتەپ باشقۇرۇشتا
خىزمەت كۆرسەتكەنلىگىدىن مەنچىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى تەرە-
پىدىن ئۇنى گەنسۇ مەكتەپلىرىنىڭ قوشۇمچە ئالىي مەكتەپلەر-
نىڭ باش مۇپەتتىشى قىلىپ ئۆستۈرگەندىن كېيىن، جىڭ شۇرېن
دەرھال خېجۇدىن ئۆلكىلىك ئالىي مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچىلىققا ئۆس-
تۈرۈلگەن. 1909 - يىلى (مەنچىڭ خاندانلىقى شۈەنتۇڭ 1 -
يىلى) يەرلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئەلا نەتىجە ئالغان. شىن-
خەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن داۋخې ناھىيىسىدىكى ئالىي باشلان-
غۇچ مەكتەپ مۇدىرى، سىفەن مەكتىۋىنىڭ مۇدىرلىغىغا تەيىنلەن-
گەن. 1914 - يىلى 4 - ئايدا ياڭ زېڭشىنىڭ تەكلىۋى بىلەن
گەنسۇدىن شىنجاڭغا كەلگەن. دەسلەپ كەلگەن مەزگىلدە شىنجاڭ
ھەربى ئىشلار نازارىتىنىڭ كاتىۋى ھەم بىرىنچى دەرىجىلىك
بولۇم ئەزاسى بولۇپ ئىشلەپ، ياڭ زېڭشىنگە ھەربى ئىشلار ئاخ-
باراتى توپلىغان. 1915 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭدىكى ھاكىم-
لار ئىمتىھانىغا قاتناشقان. ياڭ زېڭشىڭ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىۋار
بەرگەنلىكتىن ئىمتىھاندا بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، ئاقسۇنىڭ ھاكىم-
لىقىغا تەيىنلەنگەن. ياڭ زېڭشىڭ ئۆلكە مەركىزىدىكى كۈچلىرىنى
كۈچەيتىش ئۈچۈن 1921 - يىلى جىڭ شۇرېننى ئۆلكىنىڭ مەر-
كىزىگە يۆتكەپ كېلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نا-
زىرلىقىغا تەيىنلىگەن. 1928 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ھۆكۈمەت ئىشلىرى نازارىتىنى خەلق
ئىشلىرى نازارىتىغا ئۆزگەرتتى. جىڭ شۇرېن يەنىلا شۇ
نازارەتنىڭ نازىرى ئىدى. 1928 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭدا

ۋاقىتتا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەھكىمە مەمۇرى ئەينى ۋاقىتتا نەنجىڭدا تۇرۇۋاتقان ئەيسا قاتارلىقلارنى قۇتۇرتۇپ «سوۋېت بىلەن سودىلىشىش كېلىشىمىسىنى تۈزدى» .«شىنجاڭ خەلقىنى ھەدەپ قىردى» «جايلاردىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى» دېگەنگە ئوخشاش جىنايەتلەر بىلەن قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلدۇرغان. جىياڭنىڭ يەرلىك سوت مەھكىمىسى تەكشۈرگەندىن كېيىن جىنايى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىياسىي قانۇن مەمۇرى بوسى ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئەمەللەشتۈرۈشىگە يوللىغان. 1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىڭشىسەي نەنجىڭغا «جىڭشۇرېن شىنجاڭنى باشقۇرغان 5 يىل جەريانىدا ئىنتايىن چىرىكلىشىپ كەتكەن، ھېچقانداق نەتىجە ياراتمىغان، ئادەملەرنى مۇۋاپىق ئىشلەتمىگەن......» دەپ تېلېگرامما جاۋاپ يوللىغان. جىياڭنىڭ يەرلىك سوت مەھكىمىسى 1935 - يىلى 5 - ئايدا جىڭشۇرېننى يەنە سوتلاپ 3 يېرىم يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قالدۇرغان. بۇ خەۋەر تارقىلىپ چىققاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي شىمالنىڭ ئاساسلىق خادىملىرى دىڭ باۋشەن، لوداچاڭ، ماگۇفاڭ، ماخۇڭبىڭ قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن تېلېگرامما يوللاپ ئۇنى ئاقلىدى. شۇنىڭ بىلەن 1935 - يىلى «10 - ئۆكتەبىر بايرىمىدا جىنايەتنى كەچۈرۈم قىلىپ قويۇپ بېرىلدى. جىڭشۇرېن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، نەنجىڭدىن ئايرىلىپ لەنجوغا كېلىپ

دىن جىڭشۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلى-
كىگە، قوشۇمچە، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە تەيىنلەش بۇيرۇ-
غىنى چىقاردى. لېكىن 8 ئايدىن كېيىنلا شىنجاڭدا «12-ئاپ-
رېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ جىڭشۇرېننى سىياسىي
سەھنىدىن قوغلاپ چۈشەردى.

جىڭشۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 5 يىل جەر-
يانىدا، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ «شەپقەتلىك ئۇستازى» ياڭزېڭ-
شىڭنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقنى كونترول قىلىش
سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈش كويىدا بولغان ئىدى. لېكىن،
ماجۇڭيىڭ سەپ تارتىپ چىقتى. دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرەپ-
تەرەپتىن كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدەك ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋە-
تەننى قۇتقۇزۇشتەك سادا كۈنسايىن دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇ
ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئامالى قالمىغان ئىدى. شۇڭا،
1933-يىلىدىكى «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى
تەختتىن چۈشۈپ ھاياتىنى قوغداپ قالىدىغان پەلەمپەي بولۇپ
قالدى. جىڭشۇرېن 4-ئاينىڭ 14-كۈنى دىخۇادىن قېچىپ
يول بويى سانجى، تارغاباتاي قاتارلىق جايلاردىكى بانكىنىڭ
زاپاس ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەت-
كەندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ماشىنا سېتىۋالماقچى بول-
غان بىرمىڭ 270 سەردىن ئارتۇق ئالدىن بەرگەن ئالتۇننى
قايتۇرۇۋېلىپ، سىبىرىيە ئارقىلىق تىيەنجىنگە قايتىپ بېرىپ
1933-يىلى 10-ئايدا جياڭكەيشى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە
نەنجىڭدا بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ئاشۇرغان. 1915 - يىلى ۋۇشىڭ جۇڭگو سىياسى ئىقتىسات
پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا، يۈەنشىكەي دۆلەتنى
چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ پادىشالىق دەۋرى سۈرگەندە، يۈننەنـ
نىڭ يۈەنشىكەيگە قارشى قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن،
يۈننەندىكى جىڭۋۇتاڭ، شياۋجۇدىكى شوبە مەكتىۋىگە بېرىپ
2 - قارارىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر پاكولتېتىدا ئوقۇغان. مەكتەپ
پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دىڭبى جاۋۇتاڭ قارمىقىدىكى تەلىم-تەربىيە
ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېرلار سىنىپى 1 - قارارىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا
قايتىپ بارغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 8 - ئارىلاش
لۈيىنىڭ لۈيجاڭى گوسۇڭلىڭنىڭ قارمىقىدا جۇڭدۈي، مۇئاۋىن لەنـ
جاڭ بولغان. كېيىن شەرقى 3 ئۆلكىنىڭ «جىڭۋېي شىياڭجاڭ
جۈن» نىڭ قوغداش تۈۋەننىڭ شاڭۋېي لىيەنجاڭى بولغان. كېيىن
ئۇزۇن ئۆتمەيلا جېڭشياۋ ئورتا مەكتەپنىڭ سەنمۇلىنىغا تەيىنـ
لەنگەن. كېيىن، دۇڭبې يەرلىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ياپونـ
نىڭ قۇرۇغلۇق ئارمىيە داشۆسىدىكى جۇڭگو ئوقۇغۇچىلار ئەترە-
تىنىڭ 4 - قارارىدا داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن.
1925 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گوسۇڭلىڭ ئاغدۇرۇ-
لۇپ ئۇ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ جاڭزولىننى يوقاتماقچى بول-
غاندا، گوسۇڭلىڭ شىگىشىيەنى ياپوندىن قايتۇرۇپ كېلىپ،
گوسۇڭلىڭنىڭ جاڭزولىنغا قارشى تۇرۇشىغا قاتناشتۇردى. ئۇ-
رۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شىگىشىيەي بىلىمنى داۋاملىق ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، يەنە، ياپونغا كەتتى. شەرقى-شىمال ئارمىيىسى-
نىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن

ئولتۇراقلاشقان. كېيىن 1941 - يىلى 8 - ئايدا كېسەل بولۇپ
ئولگەن. ئولگەن ۋاقتى 62 ياش ئىدى.

جىڭ شۇرېن گەرچە ياڭ زېڭشىنىڭ ئالىي مۇرىتى بول-
غان بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرى جەھەتتە
قىلچىمۇ نەتىجە قازىنالمىغان. شىنجاڭغا ۋەزىپە ئۆتىگىلى كەل-
گەن 5 يىل جەريانىدا، ھەر كۈنى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»
نى كورگەن. ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ مىڭگە سەرپ
قىلىپ «ياڭ زېڭشىنىڭ ئادىللىقى» دېگەن بىر كىتابنى ئۇيەر-
بۇيەردىن تېرىپ يېزىپ چىقىپ، ياڭ زېڭشىنىڭ ئۈچۈن خاتىرە مۇ-
نارىسى تىكلىمەكچى بولغان. لېكىن، ئۇ زىننىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا
ئەگىشىپ بۇ كىتابچىمۇ ئوجۇقتۇرۇلدى.

## شېڭ شىسەي

شېڭ شىسەي تەخەللۇسى-جىڭ يۇڭ. لياۋنىڭ ئولكە، كەيە-
يۈەن ناھىيە، شىنجيا كەنتىدىن. 1896 - يىلى (مەنچىڭ خان-
دانلىقى گۇاڭشۈي 22 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئوز
يۇرتىدا تۇغۇلغان. ئاتىسىنىڭ ئىسمى شېڭ جىڭجىيا، ئاپى-
سىنىڭ ئىسمى ئەنسى. ئاكا-ئۇكا 5 ئوغۇل، ئاچا-سىڭىل 2 قىز.
ئۇ 7 ياش ۋاقتىدا «سىشۇ» نى ئوقۇغان. 12 يېشىدا «شىسەن
جىڭ» نى ئوقۇپ بولغان ھەمدە ئۇرۇش ھېكايىلىرىنى ئاڭلاش-
نى، سۇڭزىنىڭ ئەسكەر ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى كورۇشنى
ياخشى كورەتتى. شىفىڭ، شىڭيالاردا باشلانغۇچ، تولۇقسىز
ئوتتۇرىلارنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، شاڭخەيگە بېرىپ بىلىم

شەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، لۇشياۋزۇ شىڭشىسەينى جىڭ-
شۇرېنغا كورسىتىپ بېرىدۇ. شىڭشىسەي 1929 - يىلى 6 - ئايدا
نەنجىڭدىن ئايرىلىپ، 1930 -يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچىگە
يېتىپ كېلىپ دەرھال جىڭشۇرېن تەرىپىدىن شىنجاڭ چېگرا
مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شاڭشياۋ مەسلىھەتچى مۇدىرلىقىغا
تەيىنلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا شياۋجاڭ مەسلىھەتچىلىككە ئۆستۈر-
دى. جىڭشۇرېن بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ
كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، جىڭشۇرېن 1933 - يىلى شىڭشى-
سەينى باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانلىق شتابىنىڭ
مەسلىھەتچىلىككە يۆتكىدى. لياۋدۇڭ ئۇرۇشىدا شىڭشىسەي ما-
ھارىتىنى كۆرسىتىپ بىردىنلا ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلدى. جىڭ-
شۇرېن دەرھال ئۇنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ جۇڭجياڭ مەس-
لىھەتچىسى، قوشۇمچە باندىت تازىلاش باش قوماندانلىقىغا
ئۆستۈردى. 1933 - يىلى «شياۋجاڭ سەنجى» دېگەن چىڭ-
جۇڭ، نى شياۋتيەن، تياۋمىنيۇلار تەرىپىدىن رۇس ئەسكەرلىرىنى
ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شىنجاڭدا «12 -ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى-
نى قوزغاپ، جىڭشۇرېننى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.
سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان شۇ كۈنى شىڭشىسەي ئەسكەر-
لىرى بىلەن ئولانبايدا تۇرۇۋاتقان ئىدى. چىڭجۇڭ مەشىق
قىلىش كىچىك ئايروپىلانغا چۈشۈپ ئولانبايغا بېرىپ شىڭ-
شىسەيگە سىياسىي ئۆزگىرىشكە ئاۋاز قوشۇشقا دەۋەت قىلدى.
شىڭشىسەي پوزىتسىيە بىلدۈرمەي ئەسكەرلىرىنى ليوداۋاندىكى
«يېپوچىڭگۇڭ» نىڭ ئەتراپىغا ئېلىپ كېلىپ ۋەزىيەتنى كۆزى-

ئوقۇشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. كېيىن سوڭچۇەنفاڭ، فېڭيۇشاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىشى ئارقىلىق ئاخىرى ئوقۇشنى پۈتتۈردى. شىڭشىسەي ياپونىيىدىن دۆلىتىمىزگە قايتىپ كېلىش ۋاقتى دەل بېيفا ئۇرۇشىغا توغرا كېلىپ، يەنى، ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ئىنقىلاۋى ئارمىيە، باش سەلىڭبۇسىدىن شاڭشياۋ مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە باش سىلىڭبۇنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ شاڭشاۋ بولۇم باشلىقلىقىغا، مەسلىھەتچى بۆلۈمىنىڭ شاڭشاۋ بولۇم باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. بېيفا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىڭشىسەي مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى تىڭگىنىڭ 3 - بولۇم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە ھەر تەرەپتىن يول مېڭىپ باش مەسلىھەتچى جوپپېيدى تەرىپىدىن ئۇنى شاۋجاگىلىقتا ئۇستۇرۇشكە ھەرىكەت قىلغاندا جوپپېيدى شىڭشىسەينىڭ قارانىيىتى بارلىقىنى سېزىپ ئۇستۇرۇشكە قوشۇلمىغان. شۇڭا شىڭشىسەي كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ «ھەربىلىكتىن ۋاز كېچىپ دېھقان بولۇش» كەيپىياتىنى كىشىلەرگە بىلدۈرگەن.

شىڭشىسەي نەنجىڭدا ئۈمىتسىزلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، ماجۇڭيىڭ گەنسۇدىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان. جىڭشۇرېن ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدىكى ۋەكىلى لۇشياۋزۇغا بىر تالانتلىق ھەربىي خادىم تېپىپ، شىنجاڭغا ياردەملىشىپ ھەربىي قوشۇن يېتىشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەنجاۋ-

شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلىگىلى كەلگەن كوممۇنىستلارغا ۋە ھەر مىللەت ئاماغار زاتلىرىغا ھەدەپ زىيانكەشلىك قىلدى. 1940 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك رەئىسلىگىنى ئۆتەۋاتقان لى رۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن شىڭشىسەي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قو-شۇمچە ئۆتىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربى، ھۆكۈمەت چوڭ ھوقۇقىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئىگەللىۋالدى. 1942 - يىلدىن كېيىن شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئاش-كارىلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى تاشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئىل-گىرى-ئاخىرى بولۇپ مەركىزى يېتىشتۈرۈش تۈەنىنىڭ شىنجاڭ شوبە تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭلىقىنى، 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭلىقىنى، مەركىزى ھەربى مەكتىۋى 9 - شوبە مەكتەپ مۇ-دىرلىقىنى، جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزى تەپتىش ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى، شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى تېپەيۈەنلىك ۋەزىپىسىنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇ مۇدىر ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى، شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش سىلىڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1944 - يىلى كۈزدە گومىنداڭ مەر-كىزى ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرلىگىنىڭ مى-نىستىرلىقىغا يۆتكەلدى. 1949 - يىلى بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ تەيۋەنگە قېچىپ كەتتى. تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن، تەيۋەن ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىگىدە شاڭجاڭ مەسلىھەتچى-لىككە، مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ لايىھىلەش كومىتېتىنىڭ (چوڭ قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم قىلىش تەشكىلاتى) ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن.

تىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قاچقان جىڭشۇرېن خۇگسەندىكى يۇخۋاڭ-
مياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، شىڭشىسەينىڭ قېشىغا كۆپ
قىتىم ئادەم ئەۋەتىپ، ئەسكەرلىرىنى چىقىرىپ، خائىنلارنى باس-
تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. شىڭشىسەي ئەسكەرلىرىنى تەۋرەتمىگەن.
تاكى 14-كۈنى چۈشتىن كېيىن شىڭشىسەي ئاندىن كېيىنكى
ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا «شياۋجاڭ
سەنجېي» چېگرا قوغداش دۇبەن مەھكىمە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇپ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى قۇرۇشقا تەكلىپ بەردى.
ھەمدە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى لىيۇۋېنلۇڭنى ئۆلكىنىڭ
ۋاقىتلىق رەئىسلىكىگە كۆرسەتتى. شەرقى شىمال ئارمىيىسىنىڭ
لويجياڭى جاڭ يۈەنچىڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ
ۋېييۈەنجاڭلىقىغا كۆرسەتتى. يىغىندىن كېيىن شىڭشىسەي ئۆزى-
نىڭ ھەربىيلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بېسىم ئىشلىتىپ جاڭ-
يۈەنچىڭنى ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇرلاپ ئۆزى چېگرا مۇ-
داپىئە دۇبەنلىكىنى ئۆتىمەكچى بولغان ھەمدە لىيۇۋېنلۇڭنى قور-
چاق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان. شىڭشىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمران-
نىلىق قىلىش ئورنىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، كەسكىن
ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شياۋجۇاڭ سەن-
جېي، جاڭ يۈەنچىڭ قاتارلىق شەرقى شىمال ئارمىيىسىنىڭ
كاتتىۋاشلىرىنى، شۇنىڭدەك لىيۇۋېنلۇڭ قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈ-
رىدۇ. ياپونغا قارشى ئۇرۇش قوزغالغاندىن كېيىن شىڭشىسەي بىر تەرەپتىن
«سوۋېت بىلەن يېقىن بولۇپ، كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىشىش»
دېگەن پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن

# 21-فېۋرال نامايىشى ۋە 25 - فېۋرال ۋەقەسى

تۇرسۇن بۇرھانى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ھاكىم مۇتلەقلىق سىياسىتى شىنجاڭ خەلقىنى چىداپ تۇرغۇسىز يامان ئاقىۋەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن غۇلجىدا كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئىنقىلاپ ئوتى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن 1944 - يىلى 12- نويابىردا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ئىلىدا قۇرۇلدى. ئىنقىلاپ ئوتى راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلدى. «ئۈچ‌قۇندىن يالقۇن چىقىدۇ» دېگەندەك 7 ۋىلايەتكىمۇ ئىنقىلاپ تەسىرىنى كېڭەيتتى. قوراللىق قوشۇن ماناس دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ قالدى، مۇزات (مۇز داۋان) ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەككە - دۈككىگە ئىچىدە قالدى. شىنجاڭنىڭ مەركىزى—ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، بالا—چاقىلىرى ۋە مال—مۈلۈكلىرىنى ھەتتا ھۆكۈمەت غەزىنىسىدىكى ئالتۇن—كۈمۈشلىرىنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ، قانات—قۇيرۇقلىرىنى يۇسلاپ تۇرغان

1961 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مىڭىسىگە قان چۈشۈپ
تەبىبىيدە ئۆلگەن. ئۆلگەن ۋاقتى 75 ياش ئىدى.
شىڭشىسەي تەيۋەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن، ئىنقىلاپ-
قا قارشى نۇرغۇنلىغان سۆزلىرىنى بايان قىلغان ئىدى. كى-
تاپ قىلىپ نەشىر قىلغانلىرىدىن «قانداق قىلغاندا چوڭ
قۇرۇغلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش تارىخى ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئە-
مەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.»، «كوممۇنىزىم بىلەن كاپىتالىزىم دەۋ-
رىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى، خەلق ياشايدىغان ئەسىرنىڭ يېتىپ
كېلىشى»، «چارۋىچىلىق چېگىرىسىدىكى ئۆششاق ئىشلاردىن خاتىرە»،
«شىنجاڭدىكى ئون يىلدىن ئەسلىمە» شۇنىڭدەك ئامېرىكىلىق
ئالىم خوت بىلەن بىرلىشىپ يازغان «شىنجاڭ» قاتارلىق كى-
تاپلاردىن ئىبارەت. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شىڭشىسەينىڭ
«مەن بىر ماركسىزم-لېنىنىزىمچى» دېگىنى ئۆزىنى ئۆزى مەس-
خىرە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت خالاس.

جاۋ يىملىق تەرجىمىسى

چەت ناھىيىلەرگە بەلگىلەندى. شۇنداق قىلىپ ئىشخانا (بەنگۇڭشى) جوزىلىرىنىڭ بىر تەرەپتە كومىنداڭ ۋەكىللىرى، يەنە بىر تەرەپتە 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئولتۇرۇپ 11 بىتىم ئاساسىدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈش قوللانمىسى (سىياسى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پىراگىراممىسى) نى ئىجرا قىلدى.

ئۈزۈندىن بېرى ئەركىنلىك دېموكراتىيە ۋە تىنچلىققا تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى 11 بىتىمگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئۈنىڭدىن زور ئۈمىتلەرنى كۈتەتتى. بىتىم ئاساسىدىكى سىياسى ئىشلار دەسلەپتە بىر ئاز ۋاقىت ئىجرا قىلىنىپ خەلقىمىزنى بىر قەدەر خوشال قىلغاندەك بولسىمۇ، ئۈزۈن ئۆتمەي 11 بىتىم بۇزۇلدى. جاڭجىجۇڭ ۋەكىللىگىدىكى كومىنداڭ تەرەپنىڭ مەقسىتى: 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى قوشۇنلىرىنى كومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئۆزگەرتىپ سەنمىنجۇيى (3 مەسلەك) ئاساسىدا باشقۇرۇپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى كۈچلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇش ئىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مەقسىتى، 11 بىتىم ئاساسىدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. بۇ ئىككى تۈرلۈك مەقسەت بىر - بىرىگە زىت بولغانلىقتىن سىياسى كۈرەش تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ھەتتا جەنۇبى شىنجاڭغا سايلام ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن بارغان بۇرھان ئەپەندىم، مەمتىمىن بۇغرا ۋە ئابدۇرېھىم ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر كومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ قارشىلىقى قەشقەر-

جىددى پەيت ئىدى. ئەگەر 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي قوشۇنى ئۈرۈمچىگە كىرىدىغانلا بولسا، ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن ۋىلىس (جىپ) ماشىنا ۋە ئايروپىلانلىرىغا ئولتۇرۇپ قويرۇقلىرىنى تىكىۋېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغان ئىدى. 3 ۋىلايەت قوشۇنى ماناس دەرياسى بويىغا قىستاپ كېلىپ قالغاندا، جياڭكەيشى، جاڭجىجوڭنى 3 ۋىلايەت ھوكۇمىتى بىلەن تىنچلىق سوھبىتى ئوتكۇزۇش ئۇچۇن ئىۋەتىدىغانلىغىنى تېلېگىرام ئارقىلىق ئۇقتۇردۇ. 1945-يىلى ئوكتەبىردە جاڭجىجوڭ چۇڭچىڭدىن بىر بولۇك ئادەملەرنى باشلاپ كېلىدۇ. غۇلجىدىن رەھىمجان، سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تورە، ئەخمەتجانلارمۇ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ 8 ئاي ۋاقىت داۋام قىلغان سوھبىتى نەتىجىسىدە 11 ماددىلىق بىتىم (كېلىشىم) تۇزۇلۇپ ھەر ئىككى تەرەپ بىتىمگە ئىمزا قويۇشتى. 1946 - يىلى 1 - ئىيۇلدىن باشلاپ 11 بىتىم ئاساسىدا «شىنجاڭ ئولكىلىك بىرلەشمە دېموكراتىك يېڭى ھوكۇمىتى» قۇرۇلۇپ، ھوكۇمەت تەركىۋىگە يېڭى ھەيئەتلەر سايلاندى. ھوكۇمەت تەركىۋىدە گومىنداڭ تەرەپ ۋە 3 ۋىلايەت تەرەپ كىشىلىرىدىن 25 ئەزا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 3 ۋىلايەت تەرەپتىن 1 - مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، 2 - مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدىكېرىم ئابباسوف، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىغىغا رەھىمجان سابىر - ھاجى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىغىغا سەيپىدىن ئەزىزى، قاتارلىقلار تەيىنلەندى. قالغان 3 ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى

قىلدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىچكىردىن گومىنداڭ تەرەپتىن قويۇلغان باش كاتىپ لىسيۇمىنچۇن، 3 ۋىلايەت تەرەپتىن قويۇلغان مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدىكېرىم ئابباسوفلار چىقىپ كوپچىلىكنىڭ تەلۋىنى ئاڭلىماقچى بولدى. نامايىشچى ئاممىنىڭ ۋەكىللىرى 55 ماددىلىق تەلەپنى ئىككى نەپەر باش كاتىپقا تاپشۇرۇپ بېرىپ، 72 سائەت ئىچىدە جاۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككى باش كاتىپ دەرقەم تۇرۇپ خەلق مەقسىدىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن تەلۋىڭلارنى ئورۇنداپ بېرىمىز، دەپ ۋەدە بەردى. لېكىن خەلق ئاممىسى «مۇنداق ئېغىزچە بەرگەن ۋەدىنى قوبۇل قىلمايمىز، بىزگە ئۆلكىلىك ھوكۇمەت نامىدىن رەسمى ھوججەت يېزىپ ھوكۇمەتنىڭ تامغىسىنى بېسىپ، ھەر ئىككى باش كاتىپ قول قويۇپ بەرسۇن!» دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، لىيۇمىڭچۇن ئۇيغۇرچە ھوججەت يازدۇرۇپ، ھوكۇمەتنىڭ چوڭ تامغىسىنى بېسىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ھەر ئىككى باش كاتىپ ھوججەتكە قول قويدى. شۇنىڭ بىلەن 72 سائەت ئىچىدە جاۋاپ ئېلىش شەرتى بىلەن نامايىشچى ئامما ئۆز جايلىرىغا تارقىلىپ كەتتى. (نامايىشتا ھېچقانداق ئۇرۇش - تىلالاش بولماستىن نامايىش تەرتىپلىك ئۆتتى).

ھوججەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ خەلقىغە ۋەكىللىك قىلىپ ئۇرۇمچى شەھرىدە 5 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ۋەكىللىرىنىڭ نامايىش قىلىپ ئۆلكىلىك ھوكۇمەتكە تاپشۇرغان 38 ماددىلىق تىلەك ۋە قوشۇمچە تىلەكلىرىنى ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ ئەزالىرىغا ۋاكالىتەن

دىكى سوپى بەك ھاجى، ئاقسۇدىكى سەيىت ئەخمەت غوجا، يەكەندىكى پاساربەك ۋە جۇفالىڭگۇاڭ، خوتەندىكى خەندىڭباڭ (نۇربەك) لارنىڭ توسقۇنلىقىغا ئۇچراپ، ساپلام قىلالماي قايتىپ كەلدى. بىرىنچى ئاساسدا ھەربىر ئورگانلارغا ئەۋەتىلگەن مىللى كادىرلار گومىنداڭ تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ خىزمەت جەريانىدا بېسىمغا ئۇچرىدى. مەسىلەن: بىرىنچىنىڭ روھى بويىچە بەلگىلەنگەن ئاقسۇ ۋالىسى ئابلىز مەخسۇم ھەرخىل توسقۇنلۇق-لارغا دۇچ كېلىپ ھاياتى خەۋپ ئاستىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۈرۈمچىگە يېنىپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋاللار ھەممە جايلاردا دىگەندەك يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئەس-كەرلىرى خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، زۇلۇم سالدى خەلق ئاممىسىنى خورلىدى، ئالۋاڭ - ياساقنى ھەددىدىن ئارتۇق ئاشۇرۇۋەتتى. ماللىرىنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. خەلقنىڭ پىكرىنى ئىلكىگە ئالمىدى، پۇل پاخاللىشىپ سودا - سانائەتچىلەر سۇندى. شۇ سەۋەپتىن خەلقنىڭ غەزىۋى تېشىپ ھەممە جايدا نارازىلىق كۆچەيدى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە، 1947 - 21 - فېۋرالدا ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىدىن 5 مىڭدىن ئارتۇق كىشى كوچىغا چىقىپ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت بىناسى ئالدىغا بېرىپ، 11 بىرىنچىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن، نامايىش قوزغىدى. نامايىشچىلار ئاممىسى ئۆلكىلىك ھوكۇمەتكە پاتماي كەتتى. خەلق ئاممىسى قولىغا لوزۇنكا ۋە شۇئار يېزىلغان بايراقچىلارنى كوتىرىپ شۇئار تاۋلاپ: ھوكۇمەت باشلىقلىرىنىڭ نامايىشچىلار ئالدىغا چىقىپ جاۋاپ بېرىشىنى قاتتىق تەلەپ

دىلشىپ، دەھشەتلىك تۇۋس ئېلىپ «چىقسۇن! چىقسۇن! بۇ يەرگە چىقسۇن!، يوقالسۇن ئەخمەتجان!» دېگەن داۋراڭلار كوپىيىشكە باشلىدى. بۇ ئەسنادا ئۇرۇمچى باۋئەن سىلىڭبۇنىڭ قوماندانى-داڭبى گىۋاڭ گويا ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوقتەك ئاق كوڭۇل، خالىس، ساددا گېنېرال قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئەمەلىيەتتە تالادىكى «ناماييشچىلارغا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئۇلارغا مەدەت بېرىپ، نىھايىتى كورەڭلەپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن ئەپەندىم، كونا تارىخىي ھىكايىلاردىن بىرنى سوزلەپ بېرىپ، داڭبى گۇاڭنى مات قىلىپ تاشلىدى ۋە ئۇنى بىر قەغەز يولۋاسقا ئوخشۇتۇپ قويدى. لېكىن، بىردەمدىن كېيىن ئەھۋال يامانلىشىپ ئۇر-سوق باشلاندى. كوپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن كالتەك تۇتقان، پىچاق تۇتقان، تومۇر-توقماق تۇتقان، ھەتتا، تاپانچا تۇتقان ئادەملەر پەيدا بولدى. بۇنى كورۇپ قاچ-قاچ! ئادەم بارمۇ؟......ئۇرە-ئۇر! يىقىت-ئولتۇر! دېگەن ئاۋازلار ھوكۇمەت قوروسىدا بىر دەھشەت قىرغىنچىلىق، تېرورلۇق تۇسىنى ئالدى. بۇ قاتتىق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قاچقانلار قېچىپ كەتتى. قاچالماي قالغانلار ھوكۇمەت قوروسىغا تىقىلىپ قالدى. لېكىن ئەخمەتجان قاسىم، بۇرھان ئەپەندىم باشلىق 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلالمىدۇق ئۇلار قاتتىق مالا ماتاڭ ئىچىدە قېپ-قالدى. سىرتقا قېچىپ چىققان پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئولگۇيۇپ ئويۇشمىغا، يىغىلدى. ھىڭدىن ئارتۇق كىشى كوڭۇللىرى پەرىشان، كوزلىرى ئالاق-

تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بۇ تىلەكلەرنى ھەيئەتلەر مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەل قىلىپ نامايىشچىلارغا 72 سائەت ئىچىدە قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە جاۋاپ بېرىمىز. يەنە 22 - چىسلادا 17 ماددىلىق تەلەپ ۋە مۇھىم ئەسكەرتىشنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. دەپ: ھوكۇمەت ئەزاسى ۋە باش كاتىپ لىيۇ ھىلڭجۇن، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئاببا سوف

ئاردىن 3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نامايىش ۋەكىللىرى، قويۇلغان تەلەپنىڭ جاۋابىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ھوكۇمەت بىناسىغا كىردى. گومىنداڭ تەرەپ ھەربىلەرنى پۈخراچە ياسانـدۇرۇپ بىر قىسىم ئامىنى قايمۇقتۇرۇپ، شەھەر ئىچىدىكى كىشىلەرنى زومۇ - زور ھايداپ چىقىپ « 21 - فېۋرال نامايىشىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئولكىلىك ھوكۇمەت بىناسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ۋەقە تۇغدۇردى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا رەڭگە - رەڭ قەغەزلەرگە يېزىلغان شۇئارلار ۋە بايراق لوزۇنكىلار بولۇپ، مەزمۇنى: " 11 بىتىم ئورۇنلانسۇن ! " "يوقالسۇن ئەخمەتجان ! " دىگەنلەردىن ئىبارەت. شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 دا ئولكىلىك بىرلەشمە ھوكۇمەتنىڭ ھەيئەتلەر بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلماقچى بولۇپ، پۈتۈن ھەيئەتلەر جەم بولغان، ھوكۇمەت قوروسىغا باستۇرۇپ كىرگەن ئادەملەر توپى بارغانسېرى كوپىيىپ، مەخسەتلىك ھالدا قىستاپ مەجلىس زالىغا باستۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. كورۈنىشتە بۇلارنىڭ قولىدا ھېچ قانداق قورال يوق ئىدى. لېكىن ئاغزىدىن چىققان قاباھەت سوزلەر بارغانسېرى ئەشەد-

تۇرغاندا، كەش بولۇپ قالدى. ئاخىرىدا دەرۋازا قىيا ئېچىلىپ ۋەكىللىرىمىزدىن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق بىر مۇنچە خەلقچىل زاتلار قايتىپ چىقتى. ئاما ئۇلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ھۇررا — ھۇررا سادالىرى ۋە چاۋاك سادالىرى ئىچىدە مېڭىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما مەدەنىيەت كۇلۇبى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار سەھنىگە چىقىپ يالقۇنلۇق سوزلەرنى قىلغاندا تەشۋىش ئىچىدە قالغان ئاما ئۆز ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى. شۇ كېچىدە ئۇرۇمچى خەلقى يېرىم تەشۋىش، يېرىم خاتىرجەم ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدى. سېپىل دەرۋازىسى تېخى ئېچىلمىغان خەلق توپى تېخى كوچىلاردا ئېقىپ يۇرمەكتە. ھەرخىل، ھەر ياڭزا تەشۋىش گەپلەر تارقىلىپ يۇرەتتى.

26 – فېۋرال چۇشتىن كېيىن، ئەخمەتجان ئەپەندى بىزنى چاقىرىپ: «تۇنۇگۇنكى ئەھۋال توغرۇلۇق گومىنداڭ تەرەپ بىلەن سوزلىشەۋاتىمىز. ئۇلار تۇنۇگۇنكى «ناماييشتا ئولگەن ئادەملەرنى قايتۇرىمىز، ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار» — دەپ تېلېفون بەرگەن ئىكەن، سىلەر شەھەرنىڭ غەربى چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئېلىپ چىقىڭلار!» — دەپ مەخسۇت ئاخۇن تىيىپوۋ، تىيىپ ھاجىم ۋە مېنى (ت، بۇرھانى) ئولگەنلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۇچۇن بەلگىلەپ بىر كىچىك ماشىنا بىلەن ئەۋەتتى. بىز بۇيرۇق بويىچە شەھەرنىڭ غەربىي چوڭ دەرۋازىسىغا باردۇق. دەرۋازا يېپىغلىق سېپىل ئۇستىدە قوراللىق ئەسكەر بار. بىز ماشىنىدىن چۇشۇپ سېپىل ئۇستىدىكى ئەسكەرلەرگە قول ئىشارىسى قىلدۇق. بىر مەھەلدىن

جالاق قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە قالدى ......... "ئالەم نىمە بولۇپ
كەتتى؟ ئۈرۈمچى بۇزۇلۇپ سوقۇش بولۇپ كېتەرمۇ؟" گومىن
داڭ تەرەپ قۇتراپ كەتتى. خەلقىمىزنى قىرىپ تاشلارمۇ؟
بالا - چاقىلىرىمىزنى قانداق قىلارمىز؟ سېپىل ئۈستىگە تولغان
ئەسكەر، ئاپتومات، پىلىموتلار خەلققە قارىتىلغان، گومىنداڭ
نىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ. ھوكۇمەت بىناسى ئىچىدە 3
ۋىلايەت ۋەكىللىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قالارمۇ؟ 3 ۋىلايەت
ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرىپ سوقۇشۇپ قالسا، ئۈرۈمچى
قان دەرياسىغا ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟ خۇدا ساقلىسۇن! دىگەن
نالە - پەرياتلار كوتىرىلىشكە باشلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن
بىر مۇنچە كىشىلەر «ياق، توختاڭلار! يېتىپ قالغىچە، ئېتىپ قال
دىگەنىدەك بىكار يېتىپ ھارام ئۆلگىچە ئامال قىلىپ سېپىل
ئىچىگە قامىلىپ قالغان ۋەكىللىرىمىزنى قۇتقۇزايلى، سېپىل
دەرۋازىسىغا ئوت قويايلى، بېشىمىزغا كەلگەننى كورەيلى،
بىزنى قىرىپ تاشلىسا ھەيلى........دىيىشىپ، كىرسىن، پاختا
پاخال، قاتارلىق نەرسىلەرنى تېزدىن ئېلىپ دەرۋازا تۈۋىگە
تەييارلىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سېپىل ئۈستىدە، ئاپتومات
پىلىموت، مىلتىق، قول بومبىلىرىنى بەتلەپ خەلققە قارىتىپ
ھەيۋە قىلىپ تۇراتتى. خەلق ئامىسىمۇ قىلچە قورقماي،
ئۇلارغا قارشى: «ۋەكىللىرىمىزنى چىقىرىپ بېرىڭلار! ...... ئەگەر
چىقىرىپ بەرمىسەڭلار دەرۋازىغا ئوت قويۇپ باستۇرۇپ
كىرىمىز! ......» دەپ بېسىم ئىشلەتمەكتە ئىدى. ئىككى
تەرەپنىڭ ئەلپازى بىر - بىرىدىن يامان. شۇنداق تىرمىشىپ

لېكىن ئۇلار نەنمۇنگغا كەلگەندىن كېيىن كەينىگە قاراپ تىكـ
ۋەتتى. نەچچە ئونمىڭلىغان خەلق ئاممىسى بىزنى مەچىت
ئالدىدا قارشى ئالدى. بىز جەسەتلەرنى يىاكىخاك مەچىتىگە
ئېلىپ كېلىپ 28 - فېۋرال كۈنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا
تەييارلىق قىلدۇق. مەچىت ئالدىدا تۇرغان سانسىز خەلق
ئاممىسى ۋە توپلانغان بىر قانچە يۈرت موتىۋەرلىرى بىلەن
بىرلىكتە جەسەتلەرنى قايتا تەكشۈرۈپ ئاكىتقا (جەسەت
تەكشۈرۈش ھوججىتى)غا قول قويۇشتۇق.

ئاكىت مەزمۇنى:

25 - فېۋرال كۈنى (سەيشەنبە) كومىنداكچىلار تەرىـ
پىدىن ئۇلكىلىك ھوكۇمەت بىناسىدا ئۆلتۈرۈلگەن
توت نەپەر كىشىمىزنى تەكشۈرگەندىن كېيىن توۋەندىكى جاـ
راھەت بەلگىلىرىنى كورۇپ ئۇشبۇ ئاكىت يېزىلدى.

شەھىتلەر ۋە ئۇلارنىڭ بەلگىلىرى:

1 - مۇنۇپ ئاخۇن. تۇرپانلىق، 41 ياش بۇرھان ئەپەـ
ندىنىڭ شوفىرى.

1) ئوڭ ياق كوزىگە خەنجەر تىقىلغان.

2) ئۈستىنكى كالپۇكى كېسىلگەن.

3) ئاستىنقى كالپۇكى ئىككى يەرىدىن قوشۇلۇپ كېسىلگەن.

4) چىشلىرى پۈتۈنلەي سۇندۇرۇلغان.

5) بېشى پالتا بىلەن 3 يەردىن چېپىلغان.

6) بىقىنىغا ئوق تەككەن.

كېيىن دەرۋازا قىيا ئېچىلدى ۋە بىزنى ئىچكىرىگە كىرىشكە
ئۈندىدى. بىز ئۈچ كىشىنىڭ قېشىدا ھېچ قانداق قورال
ھەتتا، تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ يوق. لېكىن دەرۋازا ئىچىدىكى
تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر بىزنى قورشاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەت بىناسى ئىچىگە ئېلىپ كىردى. قارىنىمدەك بولساق
بىنانىڭ ئالدىنقى ئىشىكى (داتاڭ) ئالدىدا تۆت ئادەمنىڭ
جەسىدىنى ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۆلۈكلەرنىڭ تۆت ئەتراپىدا
ئاققان قانلار ئۇيۇپ قېتىپ قالغان. ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ
ئىچىدە بۇرھان ئەپەندىنىڭ شوفىرى مۇنۇپ ئاخۇننى ئاران
تونىيالىدۇق. قالغان 3 ئادەمنى تونىيالمىدۇق. جەسەتلەردە
ئوق ئىزى، تاياق-توخماقلار ئىزى بولغاندىن تاشقىرى
پۇت بىلەن دەسسەلگەن، ئۇرۇلغان، ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈ-
رۈلگەن. بۇ جەسەتلەرنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگۈچى 2—3
ئەمەلدار بولۇپ، ئاساسى ئادەم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىياسى
باشقارمىنىڭ باشلىقى لى تاڭمىن ئىدى. ئۇ بىزدىن كۆرۈنۈشتە
«ئەپۇ» سورىغان بولۇپ ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلىش راسخودىنى
بەردى. بىز تۆت ئادەمنىڭ جەسىدى بىلەن دەپنە پۇللىرىنى
تاپشۇرۇپ ئېلىپ، تۆت جەسەتنى بىر چوڭ ماشىنىغا سېلىپ،
ئۆزىمىز كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يەنە شۇ غەربىي چوڭ
دەرۋازىدىن چىقىپ، نەنلياڭ (ياڭخاڭ كوچىسى) تەرەپكە
قاراپ ماڭدۇق. ئارقىمىزدىن بىر ماشىنا تولۇق قوراللانغان
ژاندارما ئەسكەر (شەنبىڭ) بىزنى كۆزىتىپ چىقتى. بىز
ئۇلارنى ياڭخاڭ مەچىتىگە بىللە كېلىشنى ئۈندىگەن بولساقمۇ،

4) بەدەن ھەم قورساقلىرى كالتەك بىلەن ئۇرۇلغان ھەم تېپىلگەن.

بۇندىن باشقا مۇنۇپ ئاخۇننىڭ بىر دانە قول سائىتى، بىر دانە ئۈزۈك ۋە ئوتتۇك كالاشلىرى تارتىپ ئېلىنغان. داۋۇت ئاخۇننىڭمۇ ئوتتۇك - كالاشلىرى سالدۇرۇپ ئېلىنغان.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كورگەندىن كېيىن شاھىت بولغان توت نەپەر كىشىمىزنىڭ ۋەھشىلەرچە ئولتۇرۇلگەنلىكىنى ئېسپاتلاپ تۇۋەندىكى قوللىرىمىزنى قويدۇق.

جەسەت تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ۋە دەپنە قىلغۇچى ھەيئەتلەر.

تېيىپ ھاجىم (ئىمزا)، مەخسۇت ئاخۇن تىيىپوۋ (موھۇر)، ت. بۇرھانى (ئىمزا موھۇر)، خەلىت سەئىدى (ئىمزا)، شەھەرلىك ھوكۇمەت باشلىقى ناسىربەك (موھۇر)، شاكىر ھەزرەت (ئىمزا)، ياڭخالىق مەچىت مەزىنى كەرىمجان (موھۇر)، خەلق موتىۋەرلىرىدىن: نەزەر قازى ئاخۇنۇم (موھۇر)، غوجىنىياز ھاجىم (موھۇر)، ئابلەت مەخسۇم (موھۇر)، ئولكىلىك دارىلخانا باشلىقى ئىسھاق (موھۇر)، مەننان قەييۇم (موھۇر)، 1947 - يىلى 28 - فېۋرال (جۇمە كۇنى) كەچ سائەت 5 دە ئاكىت يازغۇچى: ت. بۇرھانى.

25 - فېۋرال كۇنى تۇغۇلغان ۋەقەدە مۇستەبىتلار تەرىپىدىن ئولتۇرۇلگەن، 4 نەپەر شېھىتلىرىمىزنىڭ دەپنە قىلىش مۇراسىمى 1 — مارت (شەنبە) كۇنى چۇشتىن بۇرۇن

7) بەدەنلىرى كالتەك بىلەن ئۇرۇلغان، ھەم ئاياق بىلەن تېپىلگەن.

**2 - داۋۇت ئاخۇن.** غۇلجاماق، 40 ياش، موزدوز.

1) پېشانىسى پالتا بىلەن چېپىلىپ مېڭىسى چاچرىغان.

2) چىشلىرى پۈتۈنلەي سۇندۇرۇلغان. ھەم ئاغزى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان.

3) بەدەنلىرى كالتەك بىلەن ئۇرۇلغان ھەم ئاياق بىلەن تېپىلگەن.

**3 - ھەسەن ئاخۇن.** قەشقەرلىق، 37 ياش، ناۋاي.

1) ئوڭ تەرەپ كوزى بىلەن قوشۇلۇپ بۇرۇن ئۇستىدىن پالتا بىلەن چېپىلغان.

2) ئوڭ تەرەپ ئاغزى بىلەن قوشۇلۇپ بۇرنى پالتا بىلەن چېپىلغان.

3) ئېڭىكى پالتا بىلەن چېپىلىپ پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن.

4) باشنىڭ ئوڭ تەرەپى قۇلاقنىڭ ئارقىسى بىلەن قوشۇلۇپ پالتا بىلەن چېپىلغان.

5) بەدەنلىرى كالتەك بىلەن ئۇرۇلغان ھەم ئاياق بىلەن تېپىلگەن.

**4 - ئىبراھىم ئاخۇن.** 40 ياش، ئىشلەمچى، غۇلجىلىق.

1) باشنىڭ ئارقى تەرىپى ئوڭ قۇلاق بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈنلەي چېپىلغان.

2) سول تەرەپ كوزى پالتا بىلەن چېپىلغان.

3) ئېڭەكنىڭ ئاستى تەرىپىگە پىچاق تىقىلغان.

كام خىيال قىلمىدۇ. خەلق زۇلۇمغا تويدى. خەلق دائىما ئۇرۇش خەۋپىدە ياكى ئوزىنىڭ كۈندىلىك ئولۇم خەۋپى ئاستىدا ياشاشنى خالىمايدۇ. خەلق دائىملىق خەۋپ ئاستىدا ياشاشنى ئىستىمەيدۇ، خەلق تىنچلىقنى ئىستەيدۇ، تىنچلىققا خەۋپ كەلتۈرگۈچى بۇزۇقلارنىڭ يوقۇلۇشىنى ئىستەيدۇ. بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ كاپالىتى بىتىم، بىزنىڭ ئولكىنىڭ ئەبەدى تىنچلىقىنىڭ ئاساسى بىتىم. بىزنىڭ كېلەچەكتىكى بەختىيار ھاياتىمىزنىڭ ئاساسى بىتىم، تىنچلىق دۇشمەنلىرىنىڭ ئولۇمى بىتىم. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار بىتىمنى بۇزۇشقا، ئىغۋا تار-قىتىشقا ھەركەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار جەزمەن ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ. شەخسى ئوزلىرى ئولۇم ئالدىدا بىگۇنا مىڭلىغان خەلقنىڭ قېنىنى توكۇۋېتىشنى ئىستەيدۇ. بىز بۇلارنى شبھەت بەردۇق. لېكىن، بىز غەزەپلىنىپ غالجىر ئىتقا قارشى غالجىر بولمايمىز. سەۋرلىك بىلەن تىنچلىق بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىمىز. تىنچلىق ۋە ئىنتىزاملىق بىلەن بىتىمنى ھىمايە قىلىمىز. ھىچ قانداق ئىغۋاغا يول قويمايمىز. خەير، قىممەتلىك بىگۇنا باغرىلىرىمىز! خەير، قەدىردان مېھرىبان قېرىنداشلىرىمىز! سىزلەرنىڭ ۋاقىتسىز كېتىشىڭىزلەر پۈتۈن ئولكە خەلقى ئالدىدا ئاز سانلىق قانخورلارنىڭ سىرىنى پاش قىلدى. ئولكىمىزدە جەزمەن خەلقچىلىق سىياسەت تۇرمۇشقا ئاشىدۇ. ئولكىمىزدە جەزمەن مىللەتلەر دوستلىغى تەمىن ئېتىلىدۇ. سىزلەرنىڭ مۇددايىڭىزلار شۇ ئىدى — ئەلۋەتتە. ئەلۋەتتە سىزلەرنىڭ بۇ مۇددايىڭىزلار ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. سىزلەرمۇ

سائەت 10 دا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇراسىمغا، ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت مائاۋىن رەئىس بۇرھان ئەپەندى باشلىق يۇرت
كاتتىلىرى، ئاخۇنۇملار ۋە جەمئىيەتتىكى زاتلاردىن بولۇپ
3 مىڭغا يېقىن ئادەم قاتناشتى. مۇراسىمغا قاتناشقان
كىشىلەر كۈرەش قۇربانلىرى بولغان توت نەپەر شېھىتلارغا
چوڭقۇر ئېچىنىشلىق ماتەم تۇتتى. مەركۈز شېھىتلار ئۈرۈمچى
شەھىرىدىن 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان
يېڭى قەۋرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. ئەخمەتجان ئەپەندى،
ساقىمىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دەپنە مۇراسىمغا بېغىشلاپ
يازغان تەزىيە نۇتقىنى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئوقۇپ بېرىشگە
ھاۋالە قىلىپ، كانىۋايى نۇردۇن بەگ ئارقىلىق چىقارغان
ئىكەن. مەن ئەخمەت ئەپەندىنىڭ تاپشۇرىقىغا بىنائەن تەزىيە
نۇتقىنى ئوقۇپ بەردىم.
مەزمۇنى:

مۇھتەرەم قېرىنداشلار!

بۇلار ھېچقانداق سەۋەپسىز شېھىت بولدى. لېكىن،
بۇلار ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈك يولىدا، كەسكىن كۈرەش
ئۈستىدە خەلق ئۈچۈن شەھىت بولدى. بۈگۈن بىز سوزسىز
تېچلىقنى ئىزدەيمىز. ئۆلكىمىزدە ئەبەدى تېچلىقنى ئىزدەيمىز.

بىزنىڭ تېچلىق شەرتىمىز ھەممىگە مەلۇم، لېكىن، بىزنىڭ
تېچلىققا كېلىشىمىزنى بىر مۇنچە ئىززاقنى كورەلمەيدىغان
بەغەرەز، بۇزۇق، ئىپلاس، ئۇنسۇرلار ھەربى فاشىت دىكتا-
تورسى ئاستىدىكى تېچلىق دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ناھايىتى

تۇرالمىغانلار نىمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي غالجىرلىشىپ خەلـ
قىمىز ئۇتتۇرىسىغا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا پىتنە - ئىغۋالار سېلىپ،
ئۆلكىمىزدە يەنە قانلىق ۋەقەلەر تۇغدۇرۇشنىڭ قەستىگە كىرىـ
شىۋاتىدۇ.

مۇھتەرەم قېرىنداشلار!

تارىخنىڭ چاقىنى ھېچكىم كەينىگە بۇرالمايدۇ. ئۇنىڭغا
ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا كۈچلۈك،
چوڭ ئىسپات بار. دۇنيادا ناھايىتى كۈچلۈك بولغان، تېخنىـ
كىسى ناھايىتى يۇقۇرى بولغان ياپونىيە، گېرمانىيە ئىككى
پاشىزىم دولىتى، دەۋرىنىڭ تەلىۋىگە قارشى خەلقچىل سىياـ
سەتكە قارشى چىققان ئىدى. نەتىجىدە نىمە بولدى؟ دەۋرى
ئوزى ئۇلارنى مۇنقەرىز قىلدى. ئۇلار ھازىر يوقالدى شۇنىڭ
ئۈچۈن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئېقىمىغا، خەلقچىللىق سىياسەتكە
قارشى چىققان ھەرقانداق كۈچلۈك گۇرۇھلار بولمىسۇن،
ئۇلار ئەلۋەتتە مەھكۇم بولىدۇ يوقىلىدۇ. مانا بىز بۈگۈن
خەلقىمىز ئۈچۈن شېھىت بولغان توت نەپەر قېرىنداشلىرىمىزنى
دەپنە قىلىش بىلەن تېچلىق ساقلاش بىرلىكىپىنى، ئىتتىپاقىمىزنى
تېخىمۇ مۇستەھكەم قىلىپ، ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ۋەكىللىرىگىز،
رەھبەرلىرىگىز ئەتراپىغا زىچ توپلۇنۇپ، مۇشۇ بىتىمنى تولۇق
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشايلى، شۇنىڭغا ۋەدە بېرەمسىزلەر؟
(خەلق بىر ئېغىزدىن ۋەدە بېرىمىز! — دەپ ئۈنلۈك ئاۋازلار
بىلەن تاۋلاشتى.) مانا مۇشۇ ۋاقىتتا شېھىتلىرىمىزنىڭ
روھىنى خوشال قىلغان بولىمىز. شېھىتلىرىمىز ئىچىدىكى مەرھۇم

شۇ يولدا ئۆزىڭىزلەرنى قۇربان بەردىڭىزلەر! خاتىرجەم ئۇخلاڭىزلا! سىزلەر ئۈچۈن مىليونلىلار خىزمەت قىلىدۇ. خەير، ئامىن!...

ئەخمەتجان قاسىمى، 1947 - يىلى 1 - مارت.

بۇرهان ئەپەندىمىنىڭ تەزىيە سۆزى، سۆيۈكلۈك قېرىنداشلار!

بىز بۈگۈن خەلقىمىز ئۈچۈن قۇربان بولغان تۆت نەپەر شېهىتىمىزنى دەپنە قىلدۇق. بۇ شېهىتلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ ئۈستىگە زەهەرلىك ئۇچقۇنلارنى چېچىپ كەلگەن قانلىق ئۇرۇشنىڭ دەهشەتلىك ئوتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن ئۆچۈرۈپ يۈز مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا سەۋەپ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ شېهىتلىرىمىزنى ئاددى شېهىت دەپ قارىماستىن ئۇلارنى خەلقىمىز ئۈچۈن بولغان، خەلقىمىز ئۇنۇتمايدىغان هۆرمەتلىك شېهىتلاردىن دەپ هېساپ قىلىمىز. يېقىندا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭىزلار. بىزنىڭ ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىقىنى تەمىن قىلىدىغان 11 ماددىلىق بىتىم بار. مۇشۇ بىتىم بويىچە پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ تەلەۋى ئېهتىياجى تولۇق تەمىن قىلىنىدۇ. چۈنكى، دەۋرىنىڭ تەلەۋى شۇنىڭدىن ئىبارەت. مانا، مۇستەبىت ئۇنسۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئويۇنچۇق قورالى بىلەن هۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش هەرىكىتىدە بولغانلار، خەلقىمىزنىڭ مۇشۇنداق هوقوقلارغا ئىگە بولۇشىغا چىداپ

ئورۇندالا، خەلققە باشقا مۇددىئا قالمايدۇ. بىتەم تولۇق ئورۇندالا، خەلق ئۈستىدە بولىۋاتقان ئېغىرچىلىقلار، جەۋرى-زۇلۇملار كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك - شۈبھە يوق. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قەدەممۇ - قەدەم بەلگىلىك چارىلار ئىشلەپ چىقىپ، خەلقچىلىق سىياسەتنى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى، مىللەتلەر دوستلۇقىنى تەمىن قىلىش ھەركىتىدە بولىدۇ. لېكىن ئايرىم ئىستىبداتچى ئۈنسۈرلار ئۆلكىمىزدە ئۇرۇش خەۋپىنى تۇغدۇرۇش، ئۈچۈن قاتتىق ھەركەت قىلماقتا. ئۇلار خەنزۇلار بىلەن مىللىلار ۋە باشقا مىللى گورۇھ قەبىلىلەر ئارىسىدىكى دوستاۋۇق مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، خەنزۇلارنى مىللىلارغا قارشى قويۇپ دۈشمەنلىك ھەركەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، توقۇنۇش تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئىستىبداتچى مۇتەبىت زالىم ئۈنسۈرلار شۇ ھەركىتى بىلەن ئۇرۇش خەۋپىنى تۇغدۇرۇپ، مىليونلىغان بىگۇنا خەنزۇ خەلقى ۋە ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلىرىنىڭ قانلىرىنىڭ سەۋەپسىز توكۈلۈشىگە سەۋەپ بولماقتا.

مۇھتەرەم قېرىنداشلار!

سىزلەر ھازىر قانداقلىكى قىيىنچىلىق ۋە ھاقارەتلەرگە دۇچ كەلسىڭىزلەرمۇ، ھەرقانداق پىتنە - ئىغۋالارغا ئەسلا يول قويمىڭىزلار! پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق! خەلقچىلىق سىياسەت جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ! مىللەتلەر باراۋەرلىكى سۆزسىز تەمىن ئېتىلىدۇ! سىياسى ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش پىروگراممىسى تولۇق ئىجرا قىلىنىدۇ! دەۋرى ئېقىمىغا قارشى چىققۇچىلار، مۇقەررەر خەلقچىلىق سىياسەت

مۇنۇپ ئاخۇن مېنىڭ شاگىرتىم ۋە 20 يىل-لىق يولدۇشۇم ئىدى. ئۇ، ئاددى بىر ئادەم ئەمەس. خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن كۆيۈنىدىغان ئالى ئەخلاقلىق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىش مېنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈنلا، چوڭ بىر يوقۇتۇش بولۇپ قالماستىن، بەلكى، خەلقىمىز ئۈچۈن مىللىتىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر يوقۇتۇشتۇر. سۆزۈمنىڭ ئاخىردا شېھىتلىرىمىزنىڭ ئورنى جەننەت بولسۇن، روھلىرى تىنچ بولسۇن، خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقى، بىرلىكى مەھكەم بولۇشى، يۇرتىمىزنىڭ تىنچ - ئامان بولۇشىنى تىلەپ سۆزۈمنى تامام قىلدىم. ئامىن!

«ئىنقىلاۋى شەرقىي تۈركىستان گېزىتىدىن ئېلىندى».

پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە مۇراجەت.

فېۋرالنىڭ 21 - 24 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھرىدە خەلق نامايىش قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بىرمۇنچە تىلەكلەرنى سۇنغان ئىدى.

25 - كۈنى «نامايىش قىلغۇچىلار» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بىرمۇنچە تەكلىپلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. تىلەكلەر ئارىسىدا ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ ھەل قىلالمايدىغان ھېچبىر ئېغىر مەسىلە يوق ئىدى. «لېكىن كېيىنكى نامايىشچىلار» (ۋەقە توغدۇرغۇچىلار) ئۆلكىمىزدە ئۆرۈش خەۋپىنى تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. بىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى قىياپىتىدە سالقىنلىق (سالماقلىق) بىلەن ھېچقانداق ئىغۋاغا ئەگەشمىدۇق، بىز تىنچلىقنى ئىزدەيمىز، ئۆلكىمىزدە تىنچلىقنىڭ كاپالىتى 11 ماددىلىق بىتىمدىن ئىبارەت. بىتىم تولۇق

مەھەممەت ئىمىن ھەزرەت.

سەيپىدىن ئەزىزى.

(شىنجاڭ گېزىتىدىن ئېلىندى)

1947 - يىلى 1 - مارت كۈنى

دىمەك «25 فېۋرال» ۋەقەسىنىڭ ئوتمۇشى قىسقىچە شۇنىڭدىن ئىبارەت. ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزدەش روھى ئاساسىدا، شۇ چاغدىكى دەلىل ئىسپاتلارغا ئاساسەن، «25 - فېۋرال ۋەقەسى» سۇڭ باتۇر (سۇڭشىلەن) ۋە داڭبىگاڭلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىغان بىر مەيدان تىياتىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

1982 - يىلى 8 - فېۋرال.

مەھەممەت خوجە رەتلىگەن

ئەمەلگە ئېشىشى بىلەنلا يوقىلىدۇ! ئۇلار تېچلىق سىياسەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنى سېزىپ ئۇرۇش خەۋپى تۇغدۇرۇشقا ھەركەت قىلماقتا. چۈنكى ئۇلار مىللەتلەرنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، ئۇرۇش تۇغدۇرۇپ، شۇ ئۇرۇش ياڭغىنى ئىچىدە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۆكۈلگەن قانلىرى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئازايتماقچى بولىدۇ. ھېچقانداق پىتنە-ئىغۋاغا قۇلاق سالماڭلار! ھېچقانداق ئۇرۇش بولمايدۇ. تېچ ھەركىتىڭلارنى قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار!

ئۆمۈمى خەلقنىڭ تېچلىقىنى، خەۋپسىزلىكىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن، بىز بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەركەت قىلىڭىزلار! مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى ئورنىتىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىڭىزلار!

سوقۇش ئوتىنى ياققۇچى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ ناتوغرا ھەركەت ۋە ئىغۋالىرىنى پاش قىلىش يولى بىلەن ئۇنداق ھەركەتلەرگە يول قويماڭىزلار! بىزدىن باشقا كىشىنىڭ سۆزىگە ئەسلا قۇلاق سالماڭىزلار! بىز بىتىمنى بۇزمايمىز! بىز ۋەدىگە ۋاپا قىلىمىز! بىتىمگە تولۇق رىئايە قىلىمىز!

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائاۋىن رەئىسلىرىدىن:

ئەخمەتجان قاسىمى.

بۇرھان شەھىدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مائاۋىن باش كاتىۋى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىن:

ئابدىكېرىم ئابباسوپ.

رەھىمجان سابىر ھاجى.

پىشۇرالايدىغان بىر قازان ياساپ بېرىسەن ، دېدى. مونداق چوڭ قازاننى بوۋام ئەزەلدىن قۇيۇپ باقمىغان. بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ ۋاقىتتا ۋاڭ بېگىم غەزۋى بىلەن: "ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن مېنىڭ بىلەن قارشىلىشىۋاتىسەن. ساڭا بىر ھەپتىلىك سۈرۈك بېرىمەن. قازاننى چوقۇم ياخشى قۇيۇپ چىقىشىڭ كېرەك!" دېدى. بوۋام غەمدە قېلىپ ئاش - تاماقمۇ يېمەيدىغان بولدى، ئۇيقىسىمۇ كەلمەيدىغان بولدى. قانداق قىلىش كېرەك. پەقەت 4 ئوغلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چارە - ئۇسۇللارنى ئىزدەپ قازاننى قۇيۇپ بېرىشتىن باشقا ئامالى بولمىغان. قازاننى سىناپ قۇيۇش جەريانىدا چويۇن ئېرىتىدىغان ئوچىقى پارتلاپ كېتىپ بىر پارچە سۇنىقى بوۋامنىڭ يېرىم يۈزىنى كېسىپ تاشلاپ كوزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغان. 4 ئوغلى قورقۇپ كېتىپ ھاڭ - تاڭ قالغان. بوۋام ھەسرەتتە قالغان ھالدا، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرتىپ نەپەسى قىسىلغان ھالدا: « سىلەر ئوغۇل بالىلار ...... ئىنتىقام ئېلىشىڭلار كېرەك ...... ھونىرىڭلارنى تاشلىماسلىقىڭلار كېرەك ...... كەمبەغەل يۇرتداشلىرىمىزغا قازان قۇيۇپ بېرىشىڭلار كېرەك...... دېخانچىلىق سايمانلىرىنى قۇيۇپ بېرىشىڭلار كېرەك ......» بوۋامنىڭ گېپى تۈگىمەيلا جان ئۈزگەن !

بوۋام ئۆلگەندىن كېيىن ۋاڭ بېگىم بىزنى چويۇنچىلىق قىلدۇرمايدىغان بولدى. ئاكا - ئۇكا بىر قانچىسى ئۆزىنىڭ ھايات يولىنى ئىزدەش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن.

# سۈنەي مەن بىلەن 60 يىل بىللە بولدى

## قان بىلەن ياشقا تولغان ئائىلە تارىخىم

مەن سۈنەيچى ئارتىست، بولۇپ 60 يىل سۈنەي چالدىم. ئامما ئىچىدىمۇ مەلۇم تەسىرىم بار. لېكىن مەن سازەندىچىلەر ئائىلىسى-دىن كېلىپ چىققان ئەمەس. ئاتا- بوۋامدىن تارتىپ 5 ئەۋ-لادىمىزنىڭ ھەممىسى ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلق. يۇرتىمىز شىنجاڭ تۇرپان بۇيلۇقتا بولۇپ، بوۋامنىڭ ئىسمى توختى مەھەممەت. ئەۋلادىمىزدىن تارتىپ قۇيمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۇلارنىڭ ھونىرى ناھايىتى ياخشى. يېقىن- يىراقتا داڭقى بولغان. بوۋامنىڭ 4 ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ھىتمەت، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئەزىمەت، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئومەرمەت، تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى تۇرسۇنمەت، پۈتۈن، ئائىلىدە 6 جان بولۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن نان تېپىپ جان باقاتتى. "پۈتۈن ئائىلىنىڭ بېشىغا ئاسماندىن بالايى- ئاپەت ياغىدىغان-لىقىنى كىم بىلسۇن! بىر كۈنى تۇرپاندىكى ۋاڭ بېگىم بوۋامنى چاقىرتىپ، مەجبۇرلىغان ھالدا: " توختى ئەمەت، مەن توي قىلىپ مېھمان چاقىرىمەن. مەندەك ۋاڭ بېگىمنىڭ بەيۋەچىلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سەن ماڭا بىر قېتىمدا 20 قوينىڭ گۆشىنى

چىلىك سايمانلىرىنى سېتىپ ئېلىپ، ئاتا - بوۋىمىزدىن مىراس
قالغان تۆمۈرچىلىك ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللاندى. لېكىن تۆمۈر-
چىلىك قىلىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. چېرىكلار ھەر دائىم كېلىپ
ئات - خېچىرلىرىنى مەجبۇرى تاقىلىتىپ، ئەسكەرلەرگە تۆمۈر
كۈرجەك، جوتۇ، كەتمەنلەرنى ياسىتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئال-
ۋانلىرىنى ئورۇنداپ بەرمىگەندە، سانسىز قامچىلارنى يەيتتى.
بۇنداق نامرات كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش نەمەدىگەن قىيىن - ھە!
ئەينى ۋاقىتتا ئاتامنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ساق يېرى قال-
مايتتى. مەن 10 ياشقا كىرگەندە شامال ساندۇغىنى تارتىپ
بېرەتتىم. ئائىلىمىز نامرات، ئوزۇقلىنىشىمىز ناچار بولغانلىقتىن
تېنىم بەك ئاجىز ئىدى. شامال ساندۇغىنى تارتىۋېتىپ ھەر
دائىم ئوچاق يېنىغا يېقىلىپ قالاتتىم.

مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا ساز- ئۇسۇللارغا خۇشتار
ئىدىم. ئاتامنىڭ تۆمۈرچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن ۋاقتىمدا
بازغاننىڭ «تاك - تۇك، تاك-تۇك» ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇسۇلغا
چۈشۈپ كېتەتتىم. ئاتام ھەركىتىمنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال
بولاتتى. كېيىن باشقىلارنىڭ تويلىرى ياكى مېھمان چاقىرىش
ئىشلىرىدا خادىك ھارۋىغا ئەر- ئايال، قېرى ياش توشقىچە
ئولتۇرۇپ ساز چېلىپ ئىنتايىن قىزغىن كېتىۋاتقىنىنى كۆر-
گەندە مەنمۇ يالىڭاياق خادىك ھارۋىنىڭ كەينىگە ئە-
گىشىۋېلىپ، چالغان سازلىرىنى ئاڭلايتتىم. ئاڭلىغانسېرى ئاي-
رىلغۇم كەلمەيتتى. بەزى چاغلاردا ئەشۇنداق قىزىق ئىش-
لارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيگىمۇ كەل-

مېنىڭ ئاتام ئەزىمەت يۈسۈپبايغا چاڭگۇڭ بولۇپ ئىشلەپ بىر كېتىپ 10 يىلغىچە كەلمىگەن. (14 يېشىدىن 25 يېشىغىچە) بىر كۈنى ئاتام باينىڭ قويلىرىنى باققىلى چىققاندا يايلاقتىكى تاغلار ئېگىز، تىك بولغانلىقتىن، 10 نەچچە قوي تاغدىن دومىلاپ كارىزنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن، يۈسۈپ باينىڭ چاپارمىنى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاتلىق كېلىپ قولىدىكى قامچىنى پولاڭلىتىپ ئاتامنىڭ كۆزىگە قامچىنى تەڭلەپ تىللاپ: «ۋاي ئەزىمەت، بۇ قويلارنى باي بېگىم روزى ھېيتتا ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن-يوق! سەن بۇ قويلارنى كارىزغا ئىتتىرىۋەتتىڭ، ساڭ جان كېرەكمۇ-كېرەك ئەمەسمۇ!» دېگەن.

ئاتام ئىنتايىن قورققان ھالدا ئوغرىلىقچە ئۆيگە قېچىپ كېلىپ، ئاكا-ئۇكىلىرى بىلەن قانداق قىلىدىغانلىقىنى مەسلىھەتلەشكەن. ئاتامنىڭ يېقىن بىر ئاغىنىسى ئەقىل كۆرسىتىپ قېچىپ كېتىشكە ھەمدە ئۆزىنىڭ قىزى ئايتىمساخاننى ئاتامغا قوشۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ دوزاقتىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا مەسلىھەت بەرگەن. ئۇلار قېچىش جەريانىدا يول بويى تىلەمچىلىك قىلغان بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپ ئاران ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن مەدىكارچىلىق قىلىپ جان باققان.

1908-يىلى مېنىڭ ئاتام ئايتىمساخان بىلەن توي قىلغان. 1910-يىلى ئۈرۈمچىدە مەن دۇنياغا كەلدىم. شۇندىن ئېتىۋارەن نامرات ئائىلىمىز شەكىللەندى. ئاتام بەزى تۆمۈر-

بويى چالدىغان بولدۇم. مېنىڭ ئېغىز بىلەن چالدىغان ساز لارغا ئالاھىدە ھەۋىسىمنىڭ بارلىقىنى ئاتام سەزگەندىن كېيىن، ھەر خىل چارە- ئۇسۇللار بىلەن ماڭا ياردەم قىلدى. ئىشنىڭ ئۇتۇقدىن كەلگىنىدەك ئويسىزنىڭ ئارتام خوشنىسى موزدوز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئابدوللا ئىدى، سۇنەيىنى شونداق ياخشى چالاتتى. باشقىلارنىڭ توي- توكۈن ئىشلىرى بولسا، ئۇنى سۇنەي چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ سۇنەي چېلىشىدا بىر قانچە ئالاھىدە ھونىرى بولۇپ، باشقىلارغا ئاسانلىقچە ئۇگەتمەيتتى. ئۇنىڭ بىر غەلىتە مۇجەزى بولۇپ، كەمبەغەللەر ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كەلسە، ئۇزىنىڭ ھەر قانچە چوڭ ئىشى بولسىمو ئۇنى تاشلاپ قويۇپ باراتتى. پۇلى بار بايلار ئۇنى 5 - 4 - قېتىم تەكلىپ قىلسىمو ھەتتا ھارۋا بىلەن ئالغىلى كەلسىمۇ بارمايتتى. ئۇ، ئۇزىنىڭ مۇشۇنداق مۇجەزى بولغانلىقىدىن كوپ ئازاپ چەككەن ئىدى. ئاتام بۇ ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن، بىر ئاز پۇل توپلاپ ئازراق سوغا ئېلىپ مېنى يېتىلەپ ئۇنىڭ بىلەن كوروشتۇردى. ھەمدە مېنىڭ ئادەتتىكى سازغا بولغان ھەۋىسىمنى ئۇنىڭغا تەپسىلى تونۇشتوردى. ئۇ، ئىنتايىن خوشاللانغان ھالدا: «ئوبدان بوپتۇ، ئەزىمەت ئاكا، مېنىڭ يېشىممۇ بىريەرگە بېرىپ قالدى. بىرەر ياخشى شاگىرت تاپالمىغىنىغا كوپ ئەندىشىدە بولدوم. مېنىڭچە بۇ بالىنىڭ ئىستىقبالى بار، ھونىرىمگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم تېپىلدى!» دېدى. شونىڭ بىلەن ئابلا ئۇستامغا شاگىرت بولدوم.

مەيتتىم. مېنىڭ سازغا مۇنداق قىزىقىدىغانلىقىمنى ئاتام كۆر-
گەندىن كېيىن، ھەر خىل چارە - ئۇسۇللار بىلەن ئۆگىنىشىم-
گە ياردەملەشتى. ئەسلىدە ئاتاممۇ ساز - ئۇسۇللارغا خۇشتار
ئادەم ئىدى ھەم بىر نەچچە خىل مىللىي سازلارنىمۇ چالالايتتى.
نامرات بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ساز ئېلىشقا پۇل بولمىغانلىق-
تىن پەقەت سازنى ياخشى كۆرىدىغان ھەۋىسىمنى كۆڭلىگە
پۈكۈپ قويغان. ئۇ، بالىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىنى كۆ-
رۈپ، ۋە چىنىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلىقى ئوخشىمىغان ھالدا سۇنى
قۇيۇپ، ساز قىلىپ چالغان. ئۇنىڭدىن ئوخشىمىغان نەغمە ئاۋازى
چىقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سازنىڭ قائىدىلىرىنى بىلىۋېلىپ
ھەر خىل ناخشىلارغا چالالايدىغان بولدى. مەن بۇنىڭدىن
ئىنتايىن خوشاللىنىپ، ئاتامنى دوراپ سۇ قۇيغان چىنىلارنى
چالىدىغان بولدۇم. ھەرقانداق قىلغان بىلەن بۇ ئىنتايىن
ئاددىي بىر ئۇسۇل. بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا، ئاتامنىڭ بۇ
جەھەتتىكى ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالدىم. ئاتام
قەلبىمنى چۈشەندى. ئۇ، كالا تېرىسى بىلەن ماڭا كىچىك
بىر ناغرا ياساپ بەردى. دەسلەپتە ماڭا يېڭىلىق تۇيۇلۇپ،
بەزىدە مەن ئۇنى چېلىپ تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتىم.
سۇ قۇيغان چىنىنى چالغانغا ئوخشاشلا ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا
بۇنىمۇ چېلىشنى ئۆگىنىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاتام بىر نوكەي-
نىڭ ساپىغىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە
تۇشۇكنى تېشىپ نەي قىلىپ چالدى. گەرچە ئاۋازلىرى ئېگىز-
پەس غەلىتە چىقسىمۇ لېكىن بۇنىڭغىمۇ ھەۋەس باغلاپ كۈنە

لۇپ قالغان ۋاقتىمدا ئۇستام قولىنى دۇرەگە سىلاپ، مەز-
رىبان كۆزى بىلەن ماڭا قاراپ، كۈلۈپ قويۇپ سۇنەي
چالدىغان ئىپىز شەكىللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشنى
كۆرسىتىپ بېرەتتى. بەزى چاغلاردا ئىپىزنىڭ ھەرىكەتلىرى
خۇددى بۇلبۇلنىڭ سايرىغان ئاۋازىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىغا
ھەيران قالاتتىم.

سۇنەي بولمىسىمۇ ئىپىزنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەرخىل
مۇڭلۇق ساز ئاۋازىنى چىقىرالايتتى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىلەرنى
ھەيران قالدۇراتتى. شۇندىن كېيىن، ئۇستامنىڭ ماڭا قانداق
ئەجرە سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ، ماڭا ناغرىنى چالدۇرمايدىغان
بولدى. لېكىن ئۇ، ماڭا: «سەن ھازىر تېخى سۇنەي چالمايسەن.
ئالدى بىلەن تىلىڭنى مەشق قىلدۇرۇشۇڭ كېرەك. تىلىڭنى
ئوبدان مەشق قىلدۇرۇپ كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن سۇ-
نەي چېلىشنى ئۆگەتسەن» دېدى. ئەسلىدە مەن ئەندى
ماڭا ناغرا چالدۇرماي سۇنەي چالدۇرىدىغان بولدى، دەپ
ئۈمىت باغلىغان ئىدىم. لېكىن بۇ ئۈمىدىمىز ئۇچۇپ كېتىپ
ئۆز كۆڭلۈمدە: «سۇنەي ئۆگىنىش مۇشۇنداقمۇ قىيىن بولامدۇ!»
دەپ ئويلۇدۇم. ئاتام ئىشەنچەڭنى ھەرگىز يوقاتمىغىن، جاپاغا
چىداپ، راسا كۈچ چىقارساڭ كەلگۈسىدە چوقۇم بىر ئاتاغلىق
سۇنەيچى بولالايسەن، دەپ ماڭا ئىزچىل تۈردە ئىلھام بېرىپ
كەلدى. ئاتامنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشەندىم. شۇڭا، بارلىق
ۋۇجۇدۇم بىلەن ئەتىگەندىن-كەچكىچە دالاغا بېرىپ كۆنگە

## جاپاغا چىداپ ھونەر ئۆگەندىم

ئۇستامنىڭ مۇجەزى ئىنتايىن غەلىتە ئىدى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭدىن سۇنەي چېلىشنى ئۆگەنمەكچى ئىدىم. ئەمما بۇ، قەستەن ماڭا ناغرا چېلىشنى ئۆگىتىپ، سۇنەي چېلىشنى پەقەت تىلغا ئالمىدى. مەن ھەر قېتىم قولۇمنى سۇنەيگە سۇنسام ئۇ، قولۇمنى سۇنەيدىن تارتىۋېلىپ، غەزەپلەنگەن ھالدا: «ماڭ ناغراڭنى چال!» دەيتتى. ئۇستام سۇنەي چالغاندا، ھەر دائىم مېنى ئاغزىمغا قارا دەيتتى. سۇنەيگە پەقەت قول تەككۈزگىلى قويمايتتى. بۇنىڭدىن مەن رايىمدىن يانغاندەك بولاتتىم. بىر نەچچە قېتىم، بولدىلا ئۆگەنمەيلا قوياي، دىگەن ئويدىمۇ بولدۇم. ئەمما ئويلىرىمنى ئاتامغا دەپ بەرگىنىمدە ئاتام ماڭا: «بالام ئېرىنمەي ئۆگەنگىن! راسا كۈچ چىقار-مىساڭ، جاپا تارتمىساڭ، كارىزدىكى تاتلىق سۇغا ئېرىشەلمەي-سەن!» دىدى. ئاتامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر ئاز يورىدى. پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئابلا ئۇستامنىڭ سۇنەي چالغان ۋاقتىدىكى ئېغىز ھەركەتلىرىگە قارايدىغان بولدۇم. ھەتتا، بەزى كىچىك ھەركەتلىرى بولسىمۇ كۆزۈمدىن ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ھەركەتلىرى خىلمۇ-خىل ئۆز-گىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى سەزدىم. ئېغىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگى-شىپ چىققان ئاۋازمۇ خىلمۇ-خىل، ئىنتايىن مۇڭلۇق، بولى-دىغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سۇنەي چېلى-ۋاتقان ۋاقتىدىكى ئاغزىنىڭ مىدىرلاۋاتقان ھەركەتلىرىگە قاراپ ھاڭ-تاڭ قېلىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. مېنىڭ مۇشۇنداق بۇ-

بولىدۇ. لېكىن ھازىر بىزدە ئىككى سۇنەي بولسا، ئالدىنى ياخشى ئۆگىنەلەيسەن» دېدى. ئۇستامنىڭ بۇ سەممىي قەلبىنى چۈشەندىم.

ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئاتامغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم. ئاتام ماڭا: «ئابدىگۈل سەن خاتىرجەم بول، مەن ئىچمىسەممۇ، يېمىسەممۇ، كەيمىسەممۇ ساڭا، بىر سۇنەي ئېلىپ بېرىمەن» دېدى. ئەينى ۋاقىتلاردا سۇنەي تېپىلمايتتى. ئاتام باشقىلار ئارقىلىق خۇاڭچېڭ بوتخانىسىدىكى بىر قېرى شېخنىڭ قولىدىن قىممەت باھادا بىر سۇنەي ئېلىپ بەردى. ئاپىرىپ ئۇستامغا كۆرسەتسەم ئۇنىڭ دىلىغىمۇ ناھايىتى يېقىپ كېتىپ: «ئەمدى ياخشى بولدى ئابدىگۈل! سېنىڭ تىلىڭ خۇددى سازنىڭ تارىغا ئوخشاش چېنىقتى. ھازىر ھەممە شەرتنى ھازىرلىدىڭ ئەمدى سېنىڭ سۇنەي چالغىنىڭنى ئاڭلايمەن!» دېدى. ئۇستامنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىرادەمنى بىلدۈرۈپ ئۆتتۈم. ئۇستام مېھرىبانلىق بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: چوڭ بارمىقىنى كۆرسىتىپ، سۇنەينى قولۇمغا بېرىپ ئەمدى چالغىن دېدى.

سۇنەينى كېچىنى - كېچە دېمەي، كۈندۈزنى - كۈندۈز دېمەي ھەدەپ چالغىلى تۇردۇم. چېنىقتۇردىم. سۇنەينىڭ ئاۋازى باشقىلارنىڭ خىزمىتىگە ۋە دەم ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، زاراتكىلىقلارغا بېرىپ چالدىم. باشقىلار بۇ زاراتكىلىق، ئەۋلادىمىزنىڭ ياتقان يېرى، سېنى كىم بۇ يەرگە كېلىپ قالايمىقان قىلسۇن، دېدى. ئەۋلادىمىزنىڭ ئەر-

قاراپ، دەل - دەرەخلەرگە قاراپ، تاغلارغا قاراپ تىلىمنى مەشق قىلدۇردۇم. تىلىمنى مەشق قىلدۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇستام ئالدى بىلەن تىلنى مەشق قىلدۇرۇشتا ماڭا ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تىلىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ھەرخىل توغايلارنىڭ ئاۋازىنى چىقىرالايتتى. شۇنچە مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى. بۇ نەدىمۇ تىلنىڭ ئاۋازى بولسۇن! پەقەت ھەر بىر مىسرا گۈزەل ساز ئاۋازىدىن ئىبارەت. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشاللىنىپ، تىرىشىپ تىلىمنى مەشق قىلدۇردۇم. ھەممىدىن تىلىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئىنتايىن موھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، بارلىق زېھنىمنى، تىلىمنى مەشق قىلدۇرۇشقا قاراتتىم. ھاۋانىڭ تۇتۇق بولغىنىغا، يامغۇر ياققىنىغا، قەھرىتان سوغاققا، تومۇز ئىسسىقلارغا قارىماستىن، ھەر كۈنى ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، تاكى ئاغزىم كۆيۈشۈپ شۆلگەيلىرىم ئېقىپ، تىللىرىم قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر، گەپ قىلالماي قالغانغا قەدەر مەشق قىلدىم. مېنىڭ مۇشۇنداق مەشق قىلغىنىمنى ئۇستام كۆرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ مەدھىلىگەنلىكىنى بىلدۈردى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مېنىڭ تىلىم ئۇستامنىڭ تىلى بىلەن پەرقلەنمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەندە ئۇستام، ئاندىن ماڭا سۇنەينى تاپشۇرۇپ بېرىپ: «يارايسەن ئابدىنگۇل! ئەمدى سۇنەي چالساڭ بولىدۇ» دېدى.

مەن ئىنتايىن خۇشاللانغان ھالدا: «رەخمەت ئۇستام، سۇنەينى چوقۇم ياخشى چالىمەن» دېدىم.

ئۇستاممۇ ئىنتايىن خۇشاللانغان ھالدا: «ئابدىنگۇل، ئۇستازىمنىڭ ئاران بىرلا سۇنىيى بار، كەلگۈسىدە ساڭا خابىن

سۇنىيىنى ماڭا ئۇتۇنۇپ بېرىپ: «ئابىدىگۈل ئۆمرۈمدە پەقەت سەن بىر شاگىرتىمنىلا يېتىشتۈرۈپ چىقتىم. ئۆزەمنىڭ بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئۆگەتتىمەن، سوزۇمنى ئاڭلىشىڭ كېرەك. مېنىڭ سۇنىيىم پەقەت كەمبەغەللەرگىلا چېلىپ بېرىدىغان سۇنەي. بايلارغا چېلىشتا ئۇلارنى تىللاپ چېلىش كېرەك. ھەم ئۇلارغا تويدۇرماسلىق كېرەك. مۇشۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىن!» دېدى.

«ئېسىمدە تۇتۇۋالالايمەن! ئۇستامنىڭ ئالدىدا! تىز پۈكۈپ تۇرۇپ قوش قوللاپ سۇنىيىنى قوبۇل قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئۆزىنىڭ بارلىق سەنئەت ھۈنىرىنى قالدۇرماي ماڭا ئۆگەتتى. ھەمدە مېنى ھەرخىل ئولتۇرۇش مەيدانلىرىغا ئاپىرىپ ئۆزى بىلەن بىرلىكتە سۇنەي چالغۇزدى؛ ئۇ، ئالدى بىلەن ماڭا «12 مۇقام» نى چېلىشنى ئۆگەتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرخىل ناخشىلارغا چېلىشنى ئۆگەتتى. 4 يىلدىن كېيىن شەپقەتلىك ئۇستام بۇ دۇنيادىن ئادا - جۇدا بولدى. جان ئۈزىدىغان ۋاقتىدا ئۇ، پەقەت ماڭا: شاگىرتىم «ئابىدىگۈل، سۇنەينى ياخشى چالغىن......» دېگەن بىر ئېغىز ئېچىنىشلىق سوزنى قالدۇرۇپ كەتتى. مەن ئىنتايىن قايغۇلۇق يىغا - زارى بىلەن ئۇزۇتۇپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە نۇرۇللا، قاسىم، تاھىر قاتارلىق داڭلىق سازچىلارنى ئۇستاز قىلىۋالدىم. گەرچە ئۇلارنىڭ سەنئەت ھۈنىرى ئابلا ئۇستامدەك بولمىسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتىم.

ۋايىنى جىم ياتقۇزمىدىڭ، دەپ بىز قانچە قېتىم تاياقچىلى يەگەن ئىدىم. بىر كۈنى خاباغا بېرىپ چالغىنىمدا روزىۋاي دەيدىغان بىر ئادەم بىر ئۈچۈم چوماقچىلىرىنى باشلاپ غەزەپ بىلەن يۈگرەپ كېلىپ: «ۋۇي ئانا گىنى، نىمە دەپ داداڭنى ئۈخلاتقۇزمايسەن!» دەپ كەپ قىلدۇرمايلا قولۇمدىن سۇنەينى تارتىۋېلىپ يەرگە تاشلاپ، دەسسەپ پارچە-پارچە قىلىۋەتتى. يەنە مېنى تۇتۇپ ئاپىرىپ ئىككى قولۇمنى كەينىمگە قىلىپ تورۇسقا ئېسىپ، باش كوزلىرىمگە قامچا بىلەن ئۇردى. گوشلىرىم تىت-تىت بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىم قانغا بويۇلۇپ كەتتى. قامچا بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ: «يەنە چالامسەن يوق؟» مەن ئاغزىمدا: «ئەمدى چالمايمەن!» دەپ جاۋاپ بەرگەن بولسامۇ، لېكىن كوڭلۇمدە: «مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسەڭلار جاھاننى ئۆڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتكىچە چالىمەن!» دەپ ئويلىدىم. مېنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ خاباغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. ئېسى-ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن ئاران ئومىلەپ ئۆيگە بېرىۋالدىم.

بوۋام، ئاتام ۋە ئۆزەمنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىم ماڭا شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈردىكى، ئالەمدىكى بايلارنىڭ ھەممىسى ئادەم يەيدىغان چىل بورىلەر. ئۇلارنى يوقاتمىغىچە كەمبەغەللەرگە ھايات يولى يوق. بۇ ھەقىقەت كوڭلۈمدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ھەۋەسىياتىنى پەيدا قىلدى.

جاراھەتلىرىم ساقايغاندىن كېيىن، ئۇستام ئۆزىنىڭ

## يېڭى سەپەرگە ئاتلاندىم

1932 - يىلى ھەرقايسى كەسپلەردىكى خەلق سەن-ئەتچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىر سەنئەت ئەترىتى تەشكىللەپ ئات ھارۋا سارىيىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ھەر كۈنى ئېلان چىقىرىپ ئويۇن قويدۇق. ئويۇن كۆرگۈچىلەر خېلى كۆپ بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئاساسلىق نومۇرلىرىمىز: ئومۇمى تەڭكەش قىلىش، يالغۇز ساز چېلىش، سۇنەي چېلىش قاتارلىقلا بولۇپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. چۈنكى مەن ئابلا ئۇستامنىڭ بارلىق ھونەرلىرىنى ئۆگىنىۋالغاندىن تاشقىرى، ئۇنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققى قىلدۇردۇم. ھەر مىللەتنىڭ بىر قەدەر چوڭ تىپتىكى ئۇسۇل ناخشىلىرىغا چالالايتتىم. ھەمدە ھەرخىل ناخشىلارنى بىر تەرەپ-تىن ئاڭلاپ سۇنەي ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چالالايتتىم. مېنىڭ ئالاھىدىلىكىمنىڭ بىرسى شۇكى، ھەر خىل توغايلارنىڭ ئاۋازلىرىنى، ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرىنى دورىيالايتتىم. بۇ كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن مەدھ-ھىلىشىگە ئېرىشكەن ئىدى. ھەر قېتىم نومۇر قويغاندا سەھنىگە 3-4 قېتىم چىقاتتىم. ئەينى ۋاقىتتا ئۇسۇل جەھەتتىمۇ بىر قانچە ئاتاغلىق ئۇسۇلچىلار بىز بىلەن بىر سەھنىدە ئويۇن قويىاتتى. ئۇسۇلچى ئۇستاز مومىن ئەپەندى ئۇنىڭ يولدىشى نۇراخانلار ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە نام-شوھرەت قازانغان ئاتاغلىق ئۇسۇلچىلار ئىدى. 1932 - يىلدىن بۇرۇن شىن-جاڭدا 2 كىشىلىك ئۇسۇل تېخى ئوينالمىغان ئىدى. كۆپىنچە

كېيىن مەن سۈلەيي چېلىشتا ئۆز ئۇسلۇبۇمنى ياراتتىم.
ھەرخىل نوتىسى بار ناخشىلارنى چېلىشنى بىلىپلا قالماي ھەمدە
نوتىسى يوق ناخشىلارغىمۇ چالالايدىغان بولدۇم. قايسى مىل-
لەتنىڭ ناخشىسى بولمىسۇن ھەممىنى چالالايدىغان بولدۇم.
پەقەت مەن قولۇغۇم بىلەن بىرلا قېتىم ئاڭلىسام ئېغىزىم بىلەن
چالالايدىغان بولدۇم. بۇنداق چېلىشنى ھەر قانداق ئادەم
ئاسانلىقچە ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «12 مۇقام»
«سەنەم» ۋە چوڭ تىپتىكى ئۇسۇللارنىڭ ناخشىلىرىنى خەنزۇ-
لارنىڭ دۇگىبېي ياڭگېر ئۇسۇلىنىڭ ناخشىلىرىنى، چىنچاڭ
جىنجوي، نىخۇ تىياتىرى، خېبېي باڭزا ۋە ھەرخىل ناخشىلارنى
چالالايدىغان بولدۇم. خۇيزۇلارنىڭ «گۈلۈم» دىگەن ناخشى-
لىرىنى ۋە باشقا مىللى ناخشىلارنى، قازاق مىللىتىنىڭ «ئاختا-
ماق»، «سونسۋا»، تاتار مىللىتىنىڭ «ساماۋەر»، ئۆزبېك مىللىتى-
نىڭ «ئەلەمان»، مۇڭغۇل مىللىتىنىڭ «قويچى ناخشىسى»، رۇس مىل-
لىتىنىڭ «ئادىنوشكا»، شىبە مىللىتىنىڭ «ماۋجۇشىنى قىزغىن سويى-
مىز»، قىرغىز مىللىتىنىڭ «قېمىز»، تاجىك مىللىتىنىڭ «قىز قوغ-
لاش» قاتارلىق ناخشىلىرىنى چالالايدىغان بولدۇم.

بەزىلەر مەندىن: «ئابدىگۇل، سەن قانداق قىلىپ ھەر
مىللەت ناخشىلىرىغا چېلىشنى ئۆگىنىۋالدىڭ؟» دەپ سورايدۇ.
مەن كۈلۈپ تۇرۇپ: «3 چى قېلىنلىقتىكى مۇز بىر كۈندە
توڭلىمىغىنىغا ئوخشاش ئاسانغا چۈشمىگەن» دەپ جاۋاپ
بېرەتتىم.

«قالۇن»،«چاقچۇق»، «ياغاچ قوشۇق»، «سۇنەي»قاتارلىقلار ئىدى. بىز بىلەن بىرلىكتە سەھنىدە ئوينىلىدىغان شەكىللەردىن يەنە سېرىك، كوز باغلاش، بىر كىشىلىك ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىش ئومومى خور ۋە ھەرخىل ھەييارلىق ئويۇنلىرى ئىدى. ئۇنىدىن باشقا كىشىلەرنى كۈلدۈرىدىغان بىر خىل «لەپەر» — شەكىللەر ئىدى. بۇ خەنزۇلارنىڭ شاڭشىڭ ئويۇنىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بىر تەرەپتىن تۇزۇپ بىر تەرەپتىن ئوينىلاتتى. بىزنىڭ قويىغان نومېرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خۇشاللىق كەيپىياتىغا تولغان بولۇپ كىشىلەرنى خۇشاللىق ھىسسىياتىغا چومدۇرەتتى. خەلق ئاممىسى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالاتتى. لېكىن بىر قىسىم نومېرلار فېئودالىزىم تۈزۈمگە، ئېكسپىلاتاتسىيە، ئېزىلىشكە قارشى تۇرىدىغان خەلقچىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ئىدىيىنى ئازات قىلىدىغان نومۇرلار بولغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ھوكۇمران سىنىپ، بەگلەرنىڭ چېشىغا تېگىپ قويغانلىقىمىزدىن ئويۇن قويۇشىمىزنى كوپ قېتىم چەكلەپ، ئويۇن قويۇش مەيدانلىرىمىزنى چېقىپ ۋەيران قىلىپ، ئارتىستلارنى تۇتۇپ تۇرمىگە تاشلىغان ئىدى.

1933 - يىلى شىنجاڭدا "12 -ئاپرېل" سىياسى ئوزگىرىشى پارتلىدى. سىياسى ئوزگىرىشتىن كېيىن شېڭشىسەي تەختىگە چىقىپ ماركسىزىم، لېنىنىزىم ۋەۋەكىسىنى ئېسىۋېلىپ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت بىلەن دوس بولۇش، ھەرمىللەت باراۋەر بولۇش» قاتارلىق شوئارلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئۇيغۇرلارنى «چەنتو» دېيىشنى مەنئى قىلدى. بىز-

كوللېكتىپ ئۇسۇل ياكى يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇل ئوينايتتى. ئەر - ئايال بىرلىكتە ئوينايدىغان ئۇسۇللار تېخىمۇ يوق ئىدى. گەرچە بولسىمۇ، ئەرلەر ئايالچە ياسىنىپ ئويناپ چىقاتتى، خەنزۇلارنىڭ بەزى تىياتىرلىرىغا ئوخشاش ئايال كىشىلەر سەھنىگە چىقمايتتى. بۇمۇ فېئودالىزملىق ئۆرپ - ئادەتتىن ئىبارەت كىشەننىڭ بولغانلىقىدىن، شۇنداقلا، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي قائىدىلىرىنىڭ چەكلىمىسىدىن بولغان. بىزنىڭ ئويۇن قويۇش ئەترىتىمىز نان تېپىپ جان بېقىش ئۈچۈن، بۇنداق چەكلىمىلەرنى بوسۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىز جاننى تىكىپ قويۇپ يۈرەكلىك ھالدا يېڭى سەنئەت يوللىرىنى ياراتتۇق. بىزنىڭ مومىن ئەپەندى ئۇستام بۇ جەھەتتە ناھايىتى قەيسەر ئىدى. بىزنىڭ سەنئەت ئەترىتىمىزدە ئۇ، ئۆزىنىڭ يولدىشى نۇراخان بىلەن ئالدى بىلەن بىر سەھنىدە ئەر-ئايال قوش كىشىلىك ئۇسۇل ئويناپ چىقتى. بۇ ئويۇننى قويغاندىن كېيىن، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىدى. ھەر مەيدان ئويۇن قويغاندا بوش ئورۇن قالمايتتى. بۇنىڭ بىلەن مومىن ئەپەندى بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئەر-ئايال بىللە سەھنىگە چىقىپ ئۇسۇل ئويناشتا مەن توي قىلمىغان يولدىشىم ئانارخان بىلەن ئىككىنچى قېتىم سەھنىگە چىقىپ قوش كىشىلىك ئۇسۇل ئوينىدۇق.

ئەينى ۋاقىتتىكى بىزنىڭ ئىشلەتكەن سازلىرىمىز: «ساپايى»، «چاڭ»، «دۇتتار»، «نەي»، «داپ»، «ئىسكىرىپكا»،

ناھايىتى ئۇستۇن بولاتتى. شۇڭا مېنى تەكلىپ قىلغانلىقى
ئورۇن بولسا، ئۇنى رەت قىلماي ۋاقتىنى چۈشتىن بۇرۇن.
چۈشتە، چۈشتىن كېيىنگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاندىن پائالىيەتنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇش كونتەرتىۋى بويىچە ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا
سۇنەي چېلىپ بەردىم. كۈندۈزى ئەتىگەن سائەت 9 دىن
كەچ سائەت 7-8 لەرگىچە چېلىپ بەردىم. كەچتە يەنە كەچكى
كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتىم. دەم ئالىدىغان ۋاق-
تىم ناھايىتى ئاز ئىدى. گەرچە شۇنداق بولغان بولسىمۇ رو-
ھىم ناھايىتى ئۇستۇن ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىسى
كىچىكىمدىن تارتىپ مەشق قىلىپ ئاساسى ماھارىتىنى پۇختا
ئىگەللىۋالغانلىقىمدىن بولدى. ئىككىنچىسى، سىياسىي روھىم ناھا-
يىتى ئۇستۇن بولغانلىقىمدىن بولدى. ئۈچۈنچىسى، دەل ياش،
قاۋۇل دەۋرىم ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلىسام ھەقىقەتەن ئەينى
ۋاقىتتىكى ئۆمرۈمنى بىكار ئۆتكۈزمەپتىمەن. ئېسىمدىن چىقماي-
دىغىنى شۇكى، لىنجىلو، خۇاگۇچىڭ، يۈسۈن قاتارلىق كو-
مۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ۋە جاۋدەن قاتارلىق تىياتىر
خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەر كۆپ پائالىيەتلەردە بىز بىلەن بىرگە
بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سۆز ھەركەتلىرى بىزگە ناھايىتى زور
تەربىيە ۋە ئىلھام بولدى. ئەينى ۋاقىتتا جاۋدەن قاتارلىق
كىشىلەر تايانچى بولغان تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى ياپونغا
قارشى چوڭ تىپتىكى «كۈرەش قىلايلى» دېگەن كومېدىيىسىنى
قويدى. ھەممە ئارتىستلىرىمىزنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ
قېتىمقى ئويۇن شىنجاڭنىڭ كومېدىيە ھەركىتىگە يېڭى سەھىپە

نىڭ سەنئەت ئەترەتىمىزنىمۇ «ئۇيغۇر مىللىتى سەنئەت ئۆمە-
كى» دېگەن نامغا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا جاھانگىرلىككە
قارشى ئۇيۇشما»نى قۇرۇپ چىقتى. ئۆمىكىمىز نىڭ بارلىق ئە-
زالىرى «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» غا قاتناشتى. ھەردا-
ئىم مۇشۇ ئۇيۇشما ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت پائالىيەتلىردە
ئويۇن قويالتتۇق. 1936 - يىلىدىن كېيىن زور توركۇمدىكى
جۇڭگو كوممونىستىك پارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭغا كېلىپ خىز-
مەت ئىشلىدى. ياپونغا قارشى تەشۋىق قىلىش ۋە ياپونغا
قارشى ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ قاناتيايدۇر-
دى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئۆمىكىمىز يېڭى جەڭگىۋار موسا-
پىغا ئاتلىنىپ ھەردائىم مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئۈچۈن ئويۇن
قويدۇق. ئەينى ۋاقىتتا مەن ئاتاغلىق سۇنەيچى بولغانلىقىم ئۈ-
چۈن، ئۆمىكىمىزنىڭ ھەر قېتىمقى ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپلا
قالماي، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ (خەنزۇنىمۇ ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ) سەنئەت كورەكلىردىكىمۇ قاتنىشىپ يالغۇز كىشى-
لىك سۇنەي چېلىشقا تەكلىپ قىلىناتتىم. بەزى ۋاقىتلاردا بىر
ئاخشىمىسى ئىككى-ئۈچ ئورۇننىڭ ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىر-
گە قاتنىشاتتىم. شۇ ۋاقىتلاردا بايرام كۈنلىرى ياكى كوچا
تەشۋىقاتلىرىدا كۆپلىگەن ئورۇنلا يادىكار ئويۇنلىرىنى
ئويۇشتۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا دوكىبىي يادىكار ئويۇنى ئەۋج
ئالغانلىقتىن، سۇنەي بىلەن تەڭكەش قىلىشقا توغرا كېلەتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىلا ئورۇنلار بەس-بەس بىلەن مېنى تەك-
لىپ قىلاتتى. چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھىسياتى

گومینداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىقىنى ئاشكارىلايدىغان ئويۇن-لارنى قويۇۋاتقان ئىدۇق. بىر قېتىمدا ئويۇنىمىز ئەمدىلا باش-لىنىش بىلەن بىر تۈركۈم ساقچىلار بوسۇپ كىرىپ ئوق چى-قىرىپ ئادەم تۇتتى. تاماشىبىنلار تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا باش-لىدى. مەن ئېغىر يارىلاندىم. بىر قانچە مۇھىم ئارتىستلىرىمىز-نى باغلاپ كەتتى. زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەن 30 نەچچە نەپەر ئارتىستنى ئېلىپ ئەخمەتجان ئەپەندى بى-لەن غولجىغا بېرىپ «يېڭى خەلق سەنئەت ئۆمىكى» ۋە «ئىت-تىپاق سەنئەت ئۆمىكى» لىردنى تەشكىللەپ يېڭى مۇساپىگە قە-دەم قويدۇق.

## ئازات زامانىم

1949 - يىلى بىز غولجىدىن يولغا چىقىپ شىخوغا كەلگەندە، ئازاتلىق ئارمىيىسى ماشىنا ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىگە ئې-لىپ كەلدى. گېنېرال ۋاڭ جىننى ۋە شىنجاڭغا كەلگەن ئازات-لىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۇدا 3 كېچە-كۈندۈز ئويۇن قويدۇق. سەنئەت ئۆمىكىمىزدىكى ھەر بىر يولداش خۇشاللىق، بەختىيار دېڭىزىغا چۆمدى. دۆلەتكە خوجايىنلىق قىلىش-تەك مەغرور ھېسسىياتقا تولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت ۋاجىت رەھبەرلىكىدىكى قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بىرلى-شىپ لەنجۇغا بېرىپ، ئازاتلىق ئارمىيىنى قارشى ئالدۇق ھەم ھال سورىدۇق. يولداش ئەخمەت ۋاجىت مەن بىلەن 3 ئاي بىللە بولۇپ كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. كېيىن

ئاچتى. بىز بۇنىڭدىن كوپلىگەن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەمتىمىن يۇسۇپ «كۆرەش قىلاياي» دىگەن كومىدىيىنى ئۇيغۇرچىسىغا تەرجىمە قىلدى. بىز بۇنى رېپىتس قىلىپ ئويناپ چىقتۇق. ئۇمىدكىمىز يەنە كومىدىيە تۇزۇپ چىقىپ ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ كىلۇبىدا ئوينىدى. بەزى تومۇرلىرىمىز شىڭشىسەيىنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپ قويغاچقا، ئۇ ئادەم تۇتۇشقا باشلىدى. بىزنىڭ مومىن ئەپەندىنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇ، شىڭشىسەيىنىڭ تۈرمىسىدە قۇربان بولدى.

مەن 1940 - يىلى شىڭشىسەيىنىڭ بىسمى ئاستىدا سانجىغا قىچىپ كەتتىم. سانجىغا بارغاندىن كىيىن قوغۇنچى قۇربان بىلەن بىر ئۆيدە تۇردۇم. قوغۇن پىشقانلاردا قوغۇنى ئىشەككە ئارتىپ بازارغا ئەكىرىپ ساتقاندا مەن سۇنەي چېلىپ بەردىم. كىشىلەر سۇنەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئولىشۇپ كېلەتتى. قوغۇن بىردەمدىلا سېتىلىپ بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مېنى ئوتتۇرىغا ئورۇۋېلىپ سۇنەي چالغۇزاتتى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇ ئەھۋال پۈتۈن سانجىغا تارقىلىپ كەتتى.

ئىككىنچى يىلى، ئاكام مېنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى. شۇ ۋاقىتتا مەن قەمبەرخان بىلەن بىرلىشىپ سەنئەت تومىگى ئويۇشتۇردۇق. قەمبەرخاننىڭ خۇسۇسىيتى تەخسە ئوسۇلى، ئوستەل ئۇسۇلى، ياڭاق ئوسۇلى ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ 20 يىلغا يېقىن بىللە ئىشلىدىم.

1945 - يىلى گومىنداڭ شىنجاڭدا ھوكۇمرانلىق قىلدى. شۇ ۋاقىتلاردا بىز 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ھىمايە قىلىدىغان

ۋۇ: «بىز بېيجىڭگە بېرىپ، ماۋجۇشى بىلەن كورۇشىدىغان بولدۇق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبەرلەرگە ۋە پايتەختتىكى خەلق-لەرگە شىنجاڭنىڭ ئەدىبىي-سەنئەت نومۇرلىرىنى قويۇپ بېرىدىغان بولدۇق.» دېگەندىن كېيىن كوپچىلىكنىڭ ھەممىسى ھاياجانلان-غان ھالدا قولىنى كوتىرىپ: «ياشىسۇن ماۋجۇشى!» دەپ توۋلىدى. مەن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ كوزىمدىن ئۇنچىدەك ئىسسىق ياشلىرىم تاراملاپ توكۇلدى. ئوز كوڭلۇمدە قەلبىمنى پارتىيىگە تاپشۇرىمەن، ھاياتىمنى خەلققە تاپشۇرىمەن. ئومۇر بويى پارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ سوزىنى ئاڭلايمەن. ئومور بو-يى خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىمەن، دېگەن قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم.

ئىككىنچى كونى 80 دىن ئارتۇق كىشىگە 6 ماشىنا ئە-ۋەتتى. دەل ئالتۇن دەۋرى بولغان 8-ئاينىڭ كۈز كۈنلىرىدە سەلتەنەتلىك ھالدا يولغا چىقتۇق. 24 كۈن مېڭىپ شىئەنگە يېتىپ بېرىپ ئاندىن پويىزغا ئالمىشىپ بېيجىڭگە ماڭدوق. بىزنىڭ يېتىپ بېرىشىمىز بىلەنلا، ماۋجوشى ۋە پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتى دەرھال جوڭنەنخەي، خەيرىنتاڭ زالىدا بىزنى قوبۇل قىلدى. ماۋجۇشى، ليۇجۇشى، جۇزۇڭلى، جودې سىلىڭ-يۈەن ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنى كورگىنىمىزدە يەنە بىر قېتىم ھاياجانلىنىپ كوزلىرىمىزدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى تاراملىدى. ماۋجۇشى مېھرىبانلىق بىلەن بىزگە قاراپ، بېشىنى لىڭشىتىپ: «يولداشلار ياخشىمۇ-سىزلەر! يولداشلار جاپا چەكتىڭلار!» دېدى.

مېنى تاللاپ شىنجاڭ يەرلىك كادىرلار كۇرسىغا «ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى» ئۇگىنىشكە ئەۋەتىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيىنىڭ تەربىيىلەپ ئۇستۇرۇشىگە مۇيەسسەر بولدۇم. يەرلىك كادىرلار كۇرسىدا سەمەت تاتلىق ناخشا ئۇسۇللارنى تۇزۇپ چىقتى. بىز بۇنى رەپىتىس قىلىپ كوچىغا ئېلىپ چىقىپ پارتىيىنىڭ تۇرلۇك سىياسەتلىرىنى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىغىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغىنى تەشۋىق قىلىپ ناھايىتى ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشتۇق.

1950-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا يەرلىك كادىرلار كۇرسىنىڭ ئۇگىنىشى ئاخىرلىشاي دېگەندە، بىر خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى مېنى ئىزدەپ، كېلىپ: «سىز نەرسە-كېرەكلىرىڭىزنى تېزدىن يىغىشتۇرۇپ مېنىڭ بىلەن مېڭىڭ» دېدى. مەن ھاڭ-تاڭ قالدىم. شۇنداقلا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدىم. ئۇ، مېنى ئوتتۇر مەدەنىيەت بولۇمىگە ئېلىپ باردى. كىرىشىم بىلەنلا ماخەنبىڭ، ليوشاۋۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىگىنى كوردۇم. ئۇلار ئالدىمغا كېلىپ قول ئېلىشىپ تىنچلىق سوراشتى. شۇ ۋاقىتتا تونۇيدىغان كوپلىگەن سەنئەتچىلەر مەندىن ئاللىقاچان بۇرۇن كېلىپ بولغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوچەكتىكى ئاقىن تاي، غۇلجىدىكى تۇمۇر ئېلى، ئابدۇۋېلى، قەشقەردىكى تاجىنىسا، ئۇرۇمچىدىكى قەمبەرخان، مونەۋۋەر، ئايىنىسالار بار ئىدى. ئۇلار مېنى كورۇپ ئىنتايىن خوشاللاندى. بىردەم پاراڭلىشىپ كۇلۇشتۇق. يولداش ليۇشا-

نى بۇگۇنكى كۈندە دولەتنىڭ رەھبىرى بولغان ماۋجۇشى كور-
گىلى كېلىدىكەن، دەپ ئوزەمنىڭ ئىنتايىن بەختلىك ئىكەنلى-
گىمنى ھىس قىلىپ كوڭلۈمدە پۈتۈن ھاياتىمنى پارتىيىنىڭ
ئەدىبىي-سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلاشقا ئىرادە باغلىدىم.

پەردە ئېچىلدى. مەن سەھنىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ
پەردىنىڭ يوچۇقىدىن زالنىڭ ئىچىگە قارىدىم. ماۋجۇشىنىڭ
3 - رەتتىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كوردوم ئۇ، ئاتىمىزنىڭ قا-
ۋۇل قەددى-قامىتى، مېھرى-شەپقەتلىك دىدارى، نۇر چاقناپ
تۇرغان ئىككى كوزى سەھنىگە يۈزلەنگەن ئىدى. مەن ھاياجانلان-
غانلىقىمدىن يۈرەكلىرىم سېلىپ ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. ئىخ-
تىيار سىز: «ياشسۇن ماۋجۇشى» دەپ توۋلىغىلى تاسلا قال-
دىم. ئويۇن باشلانغاندىن كېيىن، قەمبەرخان بىلەن ئىككى
كىشىلىك ئۇسۇلغا چىقتۇق. مەن سۇنەي بىلەن چوڭ تىپتىكى
دىرامىمىنىڭ مۇزىكىسىنى چېلىپ بەردىم. بۇ دىرامىمىنىڭ مەزمۇنى
پارتىيە بىزنى ئازات قىلدى. ئازاپ ئوقۇبەتتىن بىزلەرنى
قۇتقازدى. پارتىيىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ماۋجوشىغا مىن-
نەتدارلىق بىلدۈرىمىز، دىگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئاخىرىدا مەن
يالغۇز سۇنەي چېلىپ بەردىم. بىرىنچى چالغان مۇزىكام «شەرق
قىزاردى» ئىككىنچىسى «12 مۇقام»نىڭ بىر پەردىسى، شۇنىڭ-
غا ئۇلاپلا ھەر مىللەتنىڭ بىر قانچە مۇزىكىلىرىغا چالدىم.
بۇنىڭ بىلەن قىزغىن ئالقىش سادالىرىغا ئېرىشتىم. ماۋجۇشى
ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ماڭا قاراپ
كۈلۈپ چاۋاك چالغانلىقىنى كوردۇم. ماۋجۇشى باشلامچى بو-

كەچتە زىياپەت بېرىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. ماۋجۇشى ئالدى بىلەن رومكىنى قولىغا ئېلىپ «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كوتىرەيلى!» دىدى. كوپچىلىك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ «ياشىسۇن ماۋجۇشى!» دەپ توۋلىدى. بۈگۈنكى كەندە كېلىمىزدىن قانداقمۇ بىر نەرسە ئۈتسۈن، كوزىمىز ماۋجۇشى ۋە پارتىيە مەركىزى كومىتېتىدىكى رەھبەرلەردىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. ھەممىلا ئادەمنىڭ كوز يېشى يۈزلىرىنى، قول ياغلىقلىرىنى هول قىلىۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا خوشاللىق يىغا ئاۋازى، شات-خوراملىقنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ئۈنسىز ھىسسىيات مىڭلىغان-تومەن مىڭلىغان يۈرەك سوزىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. بۇ مېنىڭ ئومرۇمدە بىرىنچى قېتىم بەھرىمان بولغان ئەڭ زور بەختىم ئىدى.

زىياپەتتىن كېيىن، ھەر بىرىمىزگە بىر كىشىلىك سار جاكىيىم، بىر دانە جىڭشىڭ قەلەم، مىللى سىياسەت ھەققىدىكى كىتاپچىن بىرنى سوغا قىلدى.

ئىككىنچى كۈنى جۇدې زوڭ سىلىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە خەيرىنىتاڭ زالىدا مەركەزدىكى رەھبەرلەر ئۈچۈن ئويۇن قويۇپ بەردۇق. جۇدې زوڭ سىلىڭ: «بۈگۈن ماۋجۇشى ئويۇنىمىزنى كورگىلى كېلىدۇ» دېگەندە، كوپچىلىك ئىنتايىن خوشاللىنىپ ئوز ئارا ئىلھام بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ بوگۈنكى ئويۇن قويۇشتا بارلىق ماھارىتىنى كورسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇ ۋاقىتتا، مەندەك كونا جەمىيەتتە جاپا چەككەن بىر تۇمۇرچىنىڭ بالىسىنىڭ، كىشىلەر كوزگە ئىلمايدىغان نامرات سەنئەتچىنىڭ ئويۇن-

بۇ قېتىم بېيجىڭگە بارغىنىمىزدا مەركەزنىڭ مەدەنىيەت بۇسى بىزگە ئويۇن قويىدىغان كىيىم، ھەرخىل ئەسۋاپ، ھەر خىل ساز ۋە شىنجاڭنىڭ ناخشا-ئۇسۇل سەھنە كىتاپلىرىنى سوغا قىلىپ بەردى. بىز بېيجىڭدىكى سەنئەتچىلەردىن كۆپلىگەن ناخشىلارنى ئۆگىنىۋالدۇق. مەسىلەن: «ئېرلىياڭەن» قاتارلىقلار-دىن ئىبارەت. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆگىنىپ كەلگەن ئويۇنلىرىمىزنى قويۇپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتۇق.

ئەينى ۋاقىتتا 14 - دېۋىزىيىنىڭ خۇجىڭۋى، سىياسى بۇسىنىڭ تاڭ جۇرىنلىرى قىسمىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە بېرىپ رېژىسسورلۇق قىلىش ھەققىدە مەندىن پىكىر ئالدى. مەن ئۇ-لارنىڭ پىكىرىگە قوشۇلغان ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىز بويىچە ئارمىيىگە قاتناشتۇق.

1956 - يەنە بېيجىڭگە ئويۇن قويۇش ئۈچۈن باردۇق. ئۇيەر-دىن قايتىپ كېلىپلا شىنجاڭ ھەربى رايون سەنئەت ئۆمىكىدە قېپقالدىم. كېيىن مېنى شاڭخەيدىكى ئاتاغلىق چوڭ سېرىكچى جاڭخو يىشىڭ، چىيە نخۇا يىڭلارنىڭ يېنىغا بېرىپ سېرىكچىلىكنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇيەردە، 70 نەچچە خىل كوز باغلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كەلدىم. ئۆگەنگەنلىرىمنى قايتىپ كېلىپ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئويناپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتىم. 1964 - يىلدىن بۇرۇن 6 قېتىم بېيجىڭگە بېرىپ ئويۇن قويدۇم. ھەر قېتىم ئوينىغان ئويۇنلىرىم تاماشىبىنلارغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بولۇپمۇ 1964 - يىلى بېيجىڭگە

لۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، چاۋاك چېلىپ بولۇپ: «يەنە بىر-نى چېلىپ بەرسۇن!» دېدى. مەن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەت-تىم، چەكسىز شاتلىققا تولۇپ، ئۆزەمنىڭ ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تەقدىم قىلماقچى بولۇپ، دوكېيې ياڭگار ناخشىسى، خىباگىزا، چىنچاڭ، خېجۇلۇقلارنىڭ «كۇلۇم» قاتارلىق موزىكى-لىرىنى چېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جىگجۇنىڭ «ئلوماخۇ» دېگەن بىر ئابزاسىغا چالدىم. ماۋجۇشى باشلامچىلىق بىلەن ئورنىدىن تۇ-رۇپ، ئۇزۇنغىچە چاۋاك چېلىپ، ئاخىرىدا سەھنىگە چىقىپ بىزنى قوبۇل قىلدى. ماۋجۇشى قاۋۇل كۈچلۈك قولىنى ماڭا ئۇزۇتۇپ، قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ كورۇشتى. ئىككىنچى كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە رە-سىمگە چۈشتۇق. ئاندىن بىزنى يىخويۈەنگە ئاپىرىپ كىنوغا ئالدى. پايتەختتىكى خەلقلەرگە بىر قالىچە مەيدان ئويۇن قو-يۇپ بېرىپ دولەت بايرىمىنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خوشال-خو-رام ئۆتكۈزدۇق.

ئۇنىڭدىن كېيىن، بىزگە مىدال، مۇكاپات پۇلى تار-قىتىپ بەردى. قوش مۇكاپات ئالغانلار مەن، قەمبەرخان، ئابدۇۋەلى، ئاقېن تاي قاتارلىقلار. شۇ جەرياندا بېيجىڭدىكى ئاسار-ئەتىقىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، مول مەدەنى يادىكارلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئىنتايىن زور تەربىيە ۋە ئىلھام ئالدۇق. كېيىن يەنە خاڭجۇغا بېرىپ، بىر نەچچە كۈن ساياھەت قىلىپ ئاندىن ئۈرۈمچىگە قايتتۇق.

«كاملىك ! كاملىك » دېدى. ( مەنىسى رەھمەت دېگەنلىك )
ئۇ، يەنە : « مەن شىنجاڭنىڭ ئۆرۈمچىدە يىگەن پولونى بۈگۈن
يەنە سىزنىڭ ئۆيىدە يەۋاتىمەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر
دوستلۇقنىڭ جەۋھىرى — دە ! » دېدى. ۋېيتنامنىڭ 30 نەچچە
شەھرىدە ئويۇن قويدۇق. ھەممىلا يەردە قىزغىن قارشى ئېلىشقا
ئېرىشتۇق. ھېيچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كورەك ئويۇنىنى
قويۇپ مەن «سالام ماۋجۇشى ! » دېگەن ناخشا - ئۇسسۇل دىرامە-
سىدىكى قۇربان تولۇمنىڭ رولىغا چىقتىم. ئويۇن ئاخىرلىشىپ
بىزنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا لورويىچىڭ باش سەنمۇ جاڭ
مۇرەمگە ئۆرۈپ تۇرۇپ: " سىز ۋەتىنىمىزنىڭ خىزمەت كورسەتكەن
ئارتىسى سىز » لورۇيىچىڭ يەنە بىزنىڭ چەتئەلگە چىقىپ ئويۇن
قويۇش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغانلىقىمىزنى تەب-
رىكلەپ زىياپەت بەردى.

## ئومرۇمنىڭ ئاخىرىدىكى ئارزۇيۇم

ھازىر مەن 72 ياشقا كىرىپ قالدىم. سۇنەي مېنىڭ بىلەن
60 يىل بىللە بولغان جورەم. مەن سۇنەينى قىزغىن سۆيىمەن.
ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ناخشىلىرىنى قىزغىن
سۆيىمەن. « مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى » مەزگىلىدە گەرچە
لىن بياۋ « 4 كىشىلىك گۇروھ » نىڭ زىيانكەشلىكىگە ۋە ۋەي-
رانچىلىقىغا ئۇچرىغان بولسامۇ، لېكىن كىچىكىمدىن تارتىپ
قاتتىق موسكۇللۇق بولۇپ چېنىققانلىقىم ئۈچۈن، بۈگۈنگە قەدەر
تېنىم ناھايىتى سالامەت كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە

بىرىپ ئويۇن قويغاندىن كېيىن يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالدۇق.
بىزنى ۋېيتنامغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتمەكچى بولدى.
ۋېيتنامغا بارغاندىن كېيىن ۋېيتنام خەلقىنىڭ پەۋقۇلئاددە
قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق.
ھەممىلا جايدا ئالقىش ساداسى دىن باشقا ھەر دائىم: "
جۇڭگو بىلەن ۋېيتنام، يولداشنىڭ ئۈستىگە قېرىنداش" دىگەن
سوزنى ئاڭلايمىز. مانا بۇ ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ قېرىن-
داشلىق دوستلىغىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنى ماۋجۇشى
ۋە خۇجۇشى ئوز قولى بىلەن يېتىشتۇرگەن قان — قېرىنداش
دوستلۇق. ئەپسۇسكى لىن سۇڭ گورۇھى بۇ دوستلۇقنى پۈتۈنلەي
بۇزۇپ تاشلىدى.

خۇزىمىن جۇشى جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە شىنجاڭغىمۇ
كەلدى. ئۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئالاھىدە قىزغىن
سۆيىدۇ. شىنجاڭنىڭ پولوسىنى يىيىشنى بەك ياخشى كورىدۇ.
ۋېيتنامدا بىز ئۇلارغا ئويۇن قويۇپ بەرگەندە ئۇ، بىزدىن
ئاراڭلاردا پولو ئىستالايدىغانلار بارمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن
بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشاللىنىپ ئۆزلىگىمدىن سۆيۈملۈك
خۇجۇشىغا شىنجاڭ مىللىتىنىڭ پولوسىنى ئېتىپ بەردىم. زىيا-
پەتتە پولونى تارتقان ۋاقتىدا، خۇجۇشى خوشاللانغان ھەم
ھەيران قالغان ھالدا پولونى كىم ئەتتى. دەپ سورىدى.
كوپچىلىك مېنى كورسىتىپ: " ئەشۇ سۇنەي چالىدىغان ئارتىست
ئەتتى" دېيىشتى. خۇجۇشى دەرھال رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ
مەن بىلەن رومكا سوقۇشتۇردى ھەمدە كەينى - كەينىدىن:

# 乌鲁木齐文史资料

（维吾尔文）

中国人民政治协商会议乌鲁木齐市
委 员 会 文 史 资料研究委员会 编

*

新疆青年出版社出版
新 疆 新 华书店发行
新疆福利印刷厂印刷
787×1092毫米 1／32开本 印张3.57
1983年5月第1版 1983年5月第1次印刷
印数：1—10,600
统一书号：M11124·6 定价：0.21元

ئومرۇمنىڭ ئاخىرىدا تۇرمۇشۇمنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشۈمنى ئويلاشتۇرۇپ بەردى. مەن ھەرگىزمۇ راھەت- پاراغەتنىڭ ئۈستىگە يېتىۋالماي ئومرۇمنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن، تەنتەنىلىك ياڭرىتىمەن. مەن يەنە مېھرىبان ئۇستام ئابدۇللانىڭ كىشىگە ھارماي- تالماي ياردەم قىلىدىغان روھىنى ئۆلگە قىلىپ، يېڭى ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈپ، بارلىق ھۈنىرىمنى قىلچىمۇ ئېلىپ قالماي ياش ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ، جاراڭلىق سۆنەي ئاۋازىنى مەڭگۈ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ باغ- بوستانلىرىدا ياڭرىتىمەن. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇق ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن جاسارەتلىك مەدھىيە ناخشا ئاۋازىنى مەڭگۈ ياڭرىتىمەن.

ئابدۇكۆل ئېيتىپ بەرگەن، لى فۇ رەتلىگەن

جاۋيىڭ تەرجىمىسى

1982 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش مەدەنىي تارىخي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتىدىن ئۇقتۇرۇش

"ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى" غا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تارىخىدىكى بەزى بىر قەدەر زور تارىخىي ۋەقەلەر يېزىلىپ داۋاملىق نەشر قىلىنىدۇ. توپلامنى ئىشلەش خىزمىتىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تۈزىتىش ۋە تەنقىدى پىكىرلەرنى بېرىپ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. توپلام ماتېرىياللىنى ئالغۇچىلار ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى بىلەن ئالاقە باغلىسا بولىدۇ.

مەدەنىي تارىخي ماتېرىياللار توپلىمى ھەيئىتىدىن

1983 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

كىتاپ نومىرى: 11124·6

باھاسى : 0·21 يۈەن